
3
1991

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «كۆكلەم بەزمىسى» دىن كۆرۈنۈشلەر



تۇردى ئېلى فوتوسى

تەڭرىتاغ
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1991 - يىل 3 - سان

# مۇندەرىجە

## ئەدەبىي ئاخبارات

يې جەنيىلىڭ 1976 - يىلىدا ........................................ فەن شياۋ 1
سۇلايمان ئابدۇللا تەرجىمىسى

## پوۋېست

بىراق، بۇ چۈش ئەمەس .............................. قادىر ئارسلان 36

## ھېكايىلەر

قەشقەر كوچىلىرى ........................................ سەبرى 17
باھاردىكى ئىللىق ........................................ قاھار جىلىل 29

## شېئىرلار

خاتىرىدىن تەرمىلەر ........................................ ياسىن مۇخپۇل 80

## ماقالىلەر

20 - ئەسىر ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل ........ ياڭ خۇەنشىن 101
سىددىقھاجى روزى تەرجىمىسى
سەنئەتتە «قاتلام» ۋە «قاتلام نەزەرىيىسى» .............. تۇرسۇن كەلپىن 96
قوبۇل قىلىش .............................. ئابدۇۋەلى ئابدۇقېيۇم 112

## ئىزلىنىش سىناق يېشىلىق

ئاسمىنىنى ئىزدەيدۇ قۇياش.......................... ئەزىزى 91
شېئىرلار ..............................پەرھات ئىلياس 93

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ......... ........................ ئەزىزى 111

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: ئاتاقلىق ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا.
تۇردى ئىبلى فوتوسى
بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# يې جەنيىڭ 1976 - يىلىدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

فەنشياۋ

سۇلايمان ئابدۇللا تەرجىمىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ماۋزېدۇڭ ماۋيۈەنشىنىڭ دوكلاتىنى كۆرۈپ، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 11 دە «ياخشى، ياخشى، ياخشى» دەپ تەستىق سالدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە ماۋيۈەنشىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ مۇزاكىرە قىلغان بىر نەچچە مەسىلىسىنى جۇشىغا دوكلات قىلدى:

— خۇاگوفېڭ بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇقتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم بۇ ئۇقتۇرۇشنى تەييارلاۋاتىدۇ. مەركەز ھۆججەت تارقاتماقچى... جۇشى بۇنىڭغا:

— ئوچۇق تارقىتىڭلار، — دەپ جاۋاب بەردى. ماۋيۈەنشىن:

— گېزىتتە ئېلان قىلامدۇق؟

جۇشى ئۈستەل ئۈستىدىكى «خەلق گېزىتى» نىڭ 3 - نۇسخىسىنى يەنى «مەسىلىلەر يىغىندىسى» نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: — مۇشۇنىڭدا تارقاتسا بولىدۇ، — دېدى. ماۋيۈەنشىن يەنە:

— بېيجىڭ شەھىرىنىڭ دوكلاتىنى ھۆججەت قىلىپ تارقىتامدۇق، — دەپ سورىدى.

— تارقاتمىسىقا بولمايدۇ، — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى جۇشى.

جۇشى يەنە: دېڭنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراش قاتارلىق ئۈچ مەسىلىنى 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغاندا قاراپ ماقۇللاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ دېڭنىڭ تەقدىرى بەلگىلەندى. بۇ توغرۇلۇق يې جەنيىڭ، دېڭ شياۋپىڭلارنىڭ كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇن سان بار ئىدى.

جۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماۋيۈەنشىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: — بەك ياخشى... 3 - ئومۇمىي يىغىندا رەسمىيەتنى تولۇقلىساق، مەركەزنىڭ قارارىنى ئوچۇق ئېلان قىلامدۇق؟ — دەپ سورىدى. ماۋجۇشى قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى قارار قىلغاندىكىن گېزىتتە ئېلان قىلسا بولىدۇ، — دېدى. ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى بىر سائەت داۋاملاشتى. جۇشىغا ھاردۇق يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇپ:

— شۇنداق، بۇ نۆۋەتتىكى 1 - پايتەخت، 2 - تيەنئەنمېن، 3 - كۆيدۈرۈش-

ئۆرۈش. بۇ ئۈچ مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇڭلاشقا ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك، — دېدى.

ماۋيۈەنشىن جۇشىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى:

— ھەيدەپ چىقىرىش ناھايىتى زۆرۈر. مەن بۇ ئەھۋالنى دەرھال خۇاگو-فىڭغا دوكلات قىلاي، — دېدى. جۇشى تاپىلاپ:

— شياۋپىڭ قاتناشمىسۇن، سەن ئالدى بىلەن بىر نەچچە يىلەننى يىغىپ سۆزلەشكىن، سۈجىنخۇامۇ قاتناشمىسۇن، — دېدى.

ماۋيۈەنشىن دەرھال قاتنىشىشقا تېگىشلىك سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى رەتلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يې جيەنيىڭنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى.

ماۋزېدۇڭ بۇ تىزىملىكلەرنى كۆرۈپ، بارماق قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— يې جيەنيىڭ قاتناشمىسۇن، — دېدى.

ماۋيۈەنشىن دەرھال قەلەم بىلەن بۇ ئىسىملىكنى ئۆچۈرۈۋەتتى. دېمەك، دېڭ، سۇ، يې دېگەن باشقا ئادەملەر قاتنىشىدىغان بولدى. جۇشى يەنە:

— خۇاگوفىڭ يىغىلىشقا تەيىنلەنسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇ چاغدا ماۋيۈەنشىننىڭ بېشىدا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋالغاندەك بولۇپ لاغىلداپ كەتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «جاڭ چۈنچياۋنىڭ ئورنىنى خۇاگوفىڭ ئىگىلەپ كەتتى» دەپ پىچىرلىدى. بىراق بۇ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقى-دە...

— خۇاگوفىڭنىڭ يىغىلىشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى مەركەزنىڭ قارارى بىلەن گېزىتقا باسامدۇق؟ — دەپ سورىدى ماۋيۈەنشىن.

— شۇنداق، — دېدى جۇشى.

ماۋيۈەنشىن بۇ يېڭى يولىيورۇقنى دەرھال خۇاگوفىڭغا يەتكۈزدى. چۈش-تىن كېيىن جۇشى يەنە يولىيورۇق بەردى: «خۇاگوفىڭ يەنە پارتىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن شۇجىسى بولسۇن، قارارغا بۇنىمۇ يېزىۋالسۇن».

پارتىيىدە 1-مۇئاۋىن شۇجى قويۇش، پارتىيە تارىخىدىكى بىر يېڭىلىق ئىدى. جۇشى بۇنى، ھوقۇق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالمىسۇن، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

شۇ كۈنى كەچتە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ ئىككى قارارنى ماقۇللىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ خېلى بۇرۇنلا ئارمىيە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قارا نىيىتى بولغاچقا ئارمىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھە دەپ ئارمىيە ئىچىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش، ئارمىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم قارا يىپلارنى تارتىپ چىقىرىش دەپ جار سالدى. ئۇلار چاشقاندەك پىتىراپ يۈرۈپ، ئارمىيە ئىچىگە ئىغۋا تارقىتىپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، بەزى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا بەدنام چاپلىدى. بۇلارنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرى يې جيەنيىڭ، دېڭ شياۋپىڭ، چېن يى قاتارلىق ئارمىيە رەھبەرلىرى-

نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. يې جەنيىڭ ئارمىيە ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم يىغىن چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاچتى. لېكىن «توت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى گۇماشتىلىرى يې جەنيىڭنى ئارمىيە ئىچىگە سوغۇق سۇ سەپتى، بېسىم ئىشلەتتى، دەپ جياڭ چىڭنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن جۇشىغا ئەرز قىلدى. جۇشى: «يې جەنيىڭ ئۆزىنى تەكشۈرسىلا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تۈگەسۇن» دەپ يوليورۇق بەردى. يې جەنيىڭ ئامالسىز ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۆزىنى تەكشۈردى. جياڭ چىڭ بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

جۇدې ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككى ھەپتە بولماي دۆلەت ئىشلىرىدىن ئەنسىرەۋاتقان كاڭ كېچىڭ قىزىنى ئېلىپ يې جەنيىڭنىڭ قېشىغا كەلدى.

— «جۇدې «توت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بەك نەپرەتلىنەتتى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا سەن ئۇلاردىن بەك قورقۇپ كەتمە. ئۇلارغا ھەممە ئادەم ئۆچ، — دېگەنىدى. ئۇ يەنە، — ئۇلار ئارمىيە ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئارمىيە ئىچىدە ئىشەنچلىك پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بار. ئارمىيىدىكى كۆپ سانلىق يولداشلار ياخشى. يەرلىكتىكىمۇ كۆپ سانلىق يولداشلار ياخشى. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، ھەرگىز «توت كىشىلىك گۇرۇھ» قا ئەگىشىپ ماڭمايدۇ، دېگەنىدى، — دەپ سۆزلەپ بەردى. كاڭ كېچىڭدىن يې جەنيىڭ جۇدېنىڭ بۇ مەزمۇنلۇق سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇرسەن بولدى ھەم تەسىرلەندى. كاڭ كېچىڭ يې جەنيىڭنىڭ «توت كىشىلىك گۇرۇھ» نى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يەنە نيې روڭجېننىڭ قېشىغا كەلدى ھەم جۇدېنىڭ «توت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بولغان ئۆچمەنلىكىنى، ھەم ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى نيې روڭجېنغا يەتكۈزدى.

شۇ كۈنلەردە تاڭشەندە 8.7 بال يەر تەۋرەپ، 24 تۈمەن ئادەم ئۆلدى. 11 تۈمەن ئادەم يارىدار بولدى. بۇ دۇنيادا يېقىنقى 400 يىلدىن بۇيان قاتتىق يەر تەۋرەپ ئەڭ پاجىئەلىك، ئېچىنىشلىق، چىقىمى زور بولغان يەر تەۋرەش بولدى.

ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ بالايى - قازالار كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان جۇشىنىڭمۇ قاتتىق غەشلىكىگە سالدى. قاتتىق يەر تەۋرىگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى جۇشى باشقا بىر بارگاھقا يۆتكەلدى. بۇ ئورۇن 202 - نومۇر بولۇپ، سەككىز بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەتتى. بۇ ئۇلۇغ ئەربابنى مىڭ خىل خىيال ۋە ئوي - پىكىرلەر چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جياڭ چىڭ ھازىر جۇشىنىڭ يېنىغا كەلمەيتتى. جۇشى بىلەن جياڭ چىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت قالمىغانىدى. جياڭ چىڭ جۇشىدىن زورلاپ پۇل ئالاتتى. بىر نەرسە تەستىقلىتاتتى، ھوقۇق تەلەپ قىلاتتى. ئەمما جۇشىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي ئۆزى بىلگەنىنى قىلاتتى.

9 - ئايدا 3500 ۋەكىل قاتناشقان تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشتە

خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىنى ئېچىلادى. يىغىنغا ۋالىخۇڭگۈن رىياسەتچىلىك قىلدى. خۇاگوفېڭ مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. يې جيەنيىڭمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشتى. جيالىچىڭ خۇاگوفېڭنىڭ مەركەزگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىدىغانلىقىغا قايىل بولماي، يې جيەنيىڭنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىگە خاپا بولۇپ ۋالىخۇڭگۈن، جالىچۇنچاۋ، ياۋۋېنيۈەن، ماۋيۈەنشىنلەرگە ۋارقىراپ كەتتى ھەم ۋالىخۇڭگۈنگە: «سەن شائخەيدىكى ئىككىنچى قوراللىق كۈچنى ئىلكىڭدە چىڭ تۇت» دەپ تاپىلىدى.

يې جيەنيىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتە خۇاگوفېڭنىڭ مۇھىم ھالقىلىق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇشىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋاقىتلاردىن تارتىپلا يې جيەنيىڭ خۇاگوفېڭ بىلەن يېقىنلاشتى، پىكىر ئالماشتۇردى. بىر كۈنى يې جيەنيىڭ خۇاگوفېڭنىڭ ئۆيىگە باردى. خۇاگوفېڭ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. سۆھبەت ئارقىلىق يې جيەنيىڭ خۇاگوفېڭنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ھەم بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ۋالىجېننىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى بىلەن يې جيەنيىڭ، دېڭ شاۋپىڭ، چېن يۈن، لى شيەنيەن، دېڭيىڭچاۋ ۋە باشقا پېشقەدەم رەھبەرلەر كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. پىكىرنىڭ تۈپ مەزمۇنى — «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىش، بىراق قانداق تارمار قىلىش كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىمۇ ئويلىماي بولمايدۇكى: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» سان جەھەتتىن ئاز بولغان بىلەن ئەمەلىي كۈچى خېلى بار. بىرى پارتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرى سىياسىي بيۇرو دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرى يالغاندىن جۇشىنى قالقان قىلىۋالغان قارا نىيەت، بىرى پىرتىيون تەشۋىقات قوراللىرىنى قولىغا ئېلىۋالغان دۇمباقچى. يەنە كېلىپ ماۋيۈەنشىنمۇ بار. شۇنداقتىمۇ سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى يامان كۆرەتتى، مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھەم ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇۋاتقان خۇاگوفېڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. بولۇپمۇ ھالقىلىق ۋاقىتتا خۇاگوفېڭ كۆپچىلىكنىڭ پىكىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قارار ماقۇللىشى كېرەك ئىدى.

يې جيەنيىڭ يەنە خۇاگوفېڭنى ئىزلەپ كەلدى.

— گوفېڭ، ھازىر بىرنەچچە يىلدىن بېك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا سىياسىي بيۇرو يىغىنىمۇ نورمال ئېچىلمايۋاتىدۇ. بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ. بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىش كېرەك، — يې جيەنيىڭ گېپىنى باشلاپ شۇنداق دېدى:

— شۇنداق، جۇشى تېخى ئەمدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تېخى تۈگىتەلمىدۇق. بىراق، ھازىر كۈتۈشكە ۋاقىت يوق، ئۇلار بەك جانلىق

ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار قايىل ئەمەس، ھوقۇقنى تېزرەك تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىشىڭىز كېرەك.

خۇاگوفىڭ ئالدىراپ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. بۇ ئىككىيلەن جۇڭشىنىڭ ھاياتى ۋاقتىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى قاتتىق تەنقىد قىلغانلىقى ھەم بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئەسلەپ، خۇاگوفىڭ ھاياجانلىنىپ:

— سىز مېنى بىلىسىز، پېشقەدەم يولداشلار ئالدىدا مەن تېخى كىچىك، مەن بۇ نەچچەيلەن بىلەن كۆرەش قىلىشتىن قورقمايمەن. مۇھىمى پېشقەدەملەرنىڭ قوللىماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى يې جيەنيىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولەكچىلا روھلىنىپ كەتتى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى قوللايمەن. پېشقەدەم يولداشلار سىزنى قوللايدۇ. پەقەت سىزلا كۆكرىكىڭىزنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقسىڭىز يولداشلارنىڭ ھەممىسى سىزنى قوللايدۇ، — دېدى ھەم پېشقەدەم يولداشلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، كۆپرەك ئەھۋاللىشىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. زورۇر تېپىلغاندا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خۇاگوفىڭ ھاياجانلىنىپ:

— پەقەت پېشقەدەملەر يۆلەپ تۇرسا، ئارمىيە يۆلەپ تۇرسا بۇ ئىشنى قىلىش ئاسانغا چۈشىدۇ. بىراق، بۇ ئىش بەك مۇرەككەپ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مەن بىر ئويلىنىپ كۆرەي، — دېدى.

خۇاگوفىڭنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن يې جيەنيىڭ خۇددى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان بىر يوغان تاش ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللىشىپ قالدى.

ئەمدى قولغا كەلتۈرىدىغان مۇھىم بىر كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ ۋاڭ دۇڭشىڭ ئىدى. بۇ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە چەكچىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ماۋجۇشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىدىنمۇ مەسئۇل. بۇ قېتىمقى كۆرەشتە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش بەكمۇ مۇھىم ئىدى. يې جيەنيىڭ ۋاڭ جېن ئارقىلىق ئۇنىڭ «تومۇرىنى تۇتۇپ» ھەم بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىپ ئۇنىڭ ياخشى يولداش ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. بىراق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئوزۇل-كېسىل تارمار قىلىدىغان بۇ كۆرەشتە ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولار، ئۇ تامامەن بىر تەرەپتە تۇرارمۇ؛ دېگەن ئەندىشە بار ئىدى.

يې جيەنيىڭ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاڭ دۇڭشىڭنى ئىزدەپ كەلدى ھەم خۇاگوفىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە ئوخشاشلا دەسلەپ چېكىپ كۆرۈپ ئاندىن رەسمىي تېمىغا ئۆتتى. ۋاڭ دۇڭشىڭ ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ:

— مەن خۇازۇشىنى بىلەن مۇئاۋىن رەئىس يې جيەنيىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمەن، — دېدى. يې جيەنيىڭ بىلەن ۋاڭ دۇڭشىڭ پىكىردە بىرلىككە كېلىپ:

— بۇ ئىشنى ئەترابلىق، مەخپىي، قىلچە چاتاق چىقمايدىغان

قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، ــ دېيىشتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تېخىمۇ غالجىرلاشتى. بولۇپمۇ جىيالۋچىڭ خۇاگوفېڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، 9 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى سىياسىي بيۇرو دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئاچقۇزدى. جىيالۋچىڭ: جۇشىنىڭ ھۆججەت ــ ماتېرىياللىرىنى رەتلەشنى، بۇنىڭغا مەلۇم بىرەيلەننى مەسئۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق بۇنىڭغا خۇاگوفېڭ قوشۇلمىدى ھەم ماۋجۇشىنىڭ بارلىق ھۆججەت ــ ماتېرىياللىرىغا، كىتاب ــ ژۇرناللىرىغا پۈتۈنلەي ۋاڭدۇڭشىڭنى مەسئۇل ئىگە قىلىشنى، ھازىر پېچەتلەشنى قارار قىلدى.

9 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى ھۆججەت تەكشۈرۈلۈپ ئىككى ھۆججەتنىڭ يوقلۇقى سېزىلدى. ئەسلى ماۋيۈەنشىن كۆرۈپ باقاي دەپ ئېلىپ جىيالۋچىڭغا بەرگەنىكەن. بۇ ئىشتىمۇ بىر مەيدان كۈرەش بولۇپ ئاخىرى ھۆججەت قايتۇرۇۋېلىندى. دېمەك، ھۆججەت كۈرىشىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مۇددىئاسىغا يېتەلمىدى.

9 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى خۇاگوفېڭ لىشەننىيەننى ئىزلەپ باردى. لىشەننىيەن مۇئاۋىن زۇڭلى، سىياسىي بيۇرو ئەزاسى بولغان بىلەن ھازىر دەم ئېلىشتا ئىدى. خۇاگوفېڭ جىددىي ھالدا: «ئارقامدا قولاق بار، مەن پەقەت ئازراقلا تۇرالايمەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى جىددىيلەشتى. مەنمۇ بەزى ئىشلاردا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىمەن. قارىغاندا ئۇلار بىلەن بولغان بۇ بىر مەيدان كۈرەشتىن خالىي بولالمىغۇدەك. مەن ھازىر يېجەنيىڭنى ئىزدەي دېسەم ئەپسىز تۇرىدۇ. بولسا سىز مەن ئۈچۈن بىر بېرىپ كەلسىڭىز، يېجەنيىڭ تېزرەك بىر ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلسا» دېدى. لىشەننىيەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا مارشال نيېرۇڭجېن، گېنېرال ياڭچىڭۋۇمۇ يېجەنيىڭنىڭ قېشىغا بارغانىدى.

9 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىشتا خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى.

خۇاگوفېڭ لىشەننىيەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كېلىپ بىرئاز جىددىيلەشتى ھەم چوڭقۇر ئويغا پاتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ. جۇشى ھەل قىلالمىغان دېيىدىيۇ، ھەل قىلالماي ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ھەل قىلالارمىزمۇ؟ بولۇپمۇ ھېلىقى «خوتۇن» بويسۇنارمۇ؟ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلساق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قانداق ئىنكاسلار بولار؟...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. 9 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى ۋاڭ خۇڭۋېن شاڭخەيگە باردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جاڭ چۈنچياۋ يوشۇرۇن قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى ھەققىدە دىياۋيۈتەيدە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇجىڭشەن، ماتيەنشۈي ۋە نەنجىڭ

قىسمىنىڭ سىياسىي كېرەنىي دىكىشىك قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. جاڭ چۇنچياۋ ماتېرىيالىزىمغا: «سىلەرنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىگە قورال تارقىتىشىڭلار ياخشى بولۇپتۇ. سىلەر ھوشيار بولۇڭلار. سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى.

٩ - ئاينىڭ 22 - كۈنى جاڭ چۇنچياۋ يەنە ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ خىزمەتچىسى ئارقىلىق شاڭخەيگە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى.

خەتتە: «ھالقىلىق بىر پەيتتە كۈتۈلمىگەندە جۇشى ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن زور. شاڭخەي ئۇزاق تارىختا، شەرەپلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە شەھەر. جۇشى ئۆز قولى بىلەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى باشلىغان جاي. ماۋجۇشى دائىم شاڭخەيدە ئىرادە بار دەيتتى. ھازىر جۇشى بىز بىلەن ۋىدالاشتى. سىلەر پارتىيە ئىچىدىن، بولۇپمۇ مەركەزدىن، يۇقىرى قاتلامدىن لىن بياۋغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ۋە شىيۇجىڭ جۇيىچىلارنىڭ چىقىشىدىن ھوشيار بولۇشۇڭلار كېرەك. مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى: سىلەردە ھەقىقىي تاقابىل تۇرۇدىغان تەييارلىق بولۇشى لازىم» دەپ يېزىلغانىدى.

ۋاڭ جېن يې جيەنيىڭ تۇرۇشلۇق جايغا يەنە كەلدى. يې جيەنيىڭ ۋاڭ جېنغا:

— سىز چىن يۈنىڭ قېشىغا بارسىڭىز ئۇنىڭدىن پىكىر ئالالايسىز، — دېدى. چىن يۈن:

— ئۆتكەندە مەن يې جيەنيىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. مېنىڭچە ئىمكان قەدەر قورال ئىشلەتمىگىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

دېمەك بۇ پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىش، پارتىيىنى، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان چارە - تەدبىرلەرنى ئويلىدى. قاتتىق باش قاتۇردى.

٩ - ئاينىڭ 24 - كۈنى لى شيەنيەن خۇاگوفېڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يې جيەنيىڭ تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ يې جيەنيىڭگە خۇاگوفېڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈپ: «ئۇنىڭ پىكرى، سىزنىڭ تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى قويۇش ئىكەن» دېدى.

— بەك ياخشى بولدى! — يې جيەنيىڭ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىرادە باغلاپ بىر قارارغا كېلىدىغان ۋاقتىمۇ كەلگەنىدى. يې جيەنيىڭ:

— بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ھايات - ماماتلىق كۈرەش، مۇرەسسەلىشىدىغان ئىمكانىيەت يوق، — دېدى. لى شيەنيەنمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ — ھالقىلىق مىنۇت - سېكۇنتلاردىكى قىممەتلىك ئۇچرىشىش ئىدى.

٩ - ئاينىڭ 29 - كۈنى سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا يې جيەنيىڭ، لى شيەنيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭلارمۇ قاتناشتى. يىغىن جىددىي كەيپىياتتا ئېچىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالغانىدى. جياڭ چىڭ:

— جۇشى ئالەمدىن ئۆتتى. مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىكىنى قانداق قىلىمىز؟ — ھەددىدىن ئېشىپ خۇاگوفېڭغا ھۇجۇم قىلىپ: — ھازىرقى رەھبەرلەر بەزى مەسىلىلەردە ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ، سەۋىيىسى تۆۋەن، — دېدى. ئۇلارپىلا ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋلار كۆلىبېكىتىپ رەھبەرلىك قىلىشىنى، جياڭ چىڭغا خىزمەت بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ چىڭغا خىزمەت بېرىشنى تەلەپ قىلىش، مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى تالىشىش ئىدى. بىراق بۇ تەكلىپلىرى يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەن قاتارلىق يولداشلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئۇلار يەنە تەن بەرمەي، ماۋيۈەنشىن مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ: — ئۇنىڭغا خىزمەت بېرىش كېرەك، — دېيىشتى.

ۋەكىللەر: «جۇشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمدى ماۋيۈەنشىن لياۋنىڭغا قايتىپ خىزمەت قىلسا» دېگەن تەكلىپلەرنى بەردى. بىراق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇنىڭغا ئۇنىماي تۇرىۋالدى، چۈنكى جۇشى كېسەل ۋاقتىدا يېنىدىن ئايرىلماي تۇرغان بۇ تىرىك ئارخىپ ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار:

— ئۇ لياۋنىڭغا قايتسا بولمايدۇ، 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ دوكلاتىنى تەييارلىسۇن، — دەپ چار سالدى.

— بۇ قانداق گەپ، سىياسىي بيۇرو 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىش توغرىسىدا تېخى بىر نەرسە دېيىشمىسە نېمە دوكلات تەييارلىقىنى قىلىمىدۇ؟

ئەسلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئالدىبۇرۇن 3 - ئومۇمىي يىغىن تەييارلىقىنى قىلىپ، ھەتتا مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىمۇ ئىچكى جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ يىغىندا چار سېلىپ، ئۆز مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.

خۇاگوفېڭ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەرسەم بولمىغۇدەك دەپ ئويلىدى - دە، ناھايىتى كەسكىن ھالدا دېدى:

— يىغىننى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمىز، ئەمدى تالاش - تارتىش قىلماڭلار! مېنىڭچە ماۋيۈەنشىن لياۋنىڭغا قايتسۇن، بۇ سىياسىي بيۇرودىكى كۆپ سانلىق يولداشلارنىڭ پىكرى. 3 - ئومۇمىي يىغىن مەسىلىسىگە كەلسەك، يىغىن ئېچىش زۆرۈر بولسا سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى بېكىتىشى كېرەك. دوكلات تەييارلاش زۆرۈر بولسا مەن تەييارلىشىم كېرەك. مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنى سىياسىي بيۇرو مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى كېرەك. — خۇاگوفېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ: — ھازىر يىغىن ئاياغلاشتى، — دەپ ئېلان قىلدى.

خۇاگوفېڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەسىلىسىنى مەركەز سىياسىي بيۇرو يىغىنىنى ئېچىپ ھەل قىلماقچى بولغانىدى. بىراق 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى يىغىنىدىن قارىغاندا مۇمكىن ئەمەستەك ھېس قىلدى. زادى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ قورال كۈچى ئىشلىتىش كېرەكمۇ؟ ياق! مۇنداق قىلغاندا ئىش يوغىناپ ھەتتا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. خۇاگوفېڭ بىلەن يې جيەنيىڭ يەنە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار بىردەك: بىز كۈرەشنىڭ قانۇنلۇق

بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئامال بار قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، چوقۇم پايتەخت ۋە پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم، دېيىشتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»مۇ پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئۇلارمۇ يىغىن چاقىرىپ، قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييار بولغانىدى ھەم سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت ۋە خەلقئاراغا ئېلان قىلىدىغان مۇراجىئەتنامىنىمۇ تەييارلاپ قويغانىدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋاڭ خۇڭۋېن ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك رەسىمىنى تەييارلىدى. ئۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىغا ھەربىيچە كىيىم بىلەن خىزمەت ئۈستىدىكى ھالىتىنى رەسىمگە تارتقۇزدى. 114 پارچە يۇدۇرۇپ رەسىملەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تاللاپ جۇڭنەنخەي زۇڭلىنىڭ ئۆلچەملىك رەسىمگە ئوخشاش ئىشلەشنى تاپىلىدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، «نۇر گېزىتى»نىڭ 1 - بېتىگە «مەڭگۈ ماۋجۇشىنىڭ بەلگىلىگەن فاڭجېنى بويىچە ئىشلەيلى» سەرلەۋھىلىك ئەكسىلئىنقىلابىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئالىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتقان ئوق ئىدى.

يې جيەنيىڭ بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ماقالىنى كۆرۈپ بۇنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى باشلاش توغرىسىدا ئۆز مۇرىتلىرىغا بەرگەن سىگنالى ئىكەنلىكى ۋە ئۇرۇش ئېلانى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بۇ ماقالە خۇاگوفېڭنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى. «شيۇجېڭجۇيىچىلار كاتتىباشنى دەپ كىمنى ئېيتىدۇ؟»... ئۇ، بۇ بىر مەيدان سىياسىي ئۇرۇشنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

يې جيەنيىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېفونلار كېلىشكە باشلىدى.

يې جيەنيىڭ بۈگۈنكى ماقالىنى كۆردىڭمۇ؟

باشلىق بۇ ماقالىنى تەكشۈرگەنمۇ - يوق؟

يې جيەنيىڭ بۇ ماقالىغا قانداق قارايدۇ؟

ئۇلۇغ ستراتېگىيىچى يې جيەنيىڭ ئەمدى تاقەت قىلىش ۋاقتىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئەگەر دۈشمەنى تېز تۇتۇش قىلمىغاندا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تۇتۇش قىلىدىغانلىقىنى، ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

— ماتۇ! بۈگۈن تاماقنى بۇرۇن يەپ ماشىنىنى تەييار قىل!

يې جيەنيىڭ «قىزىل بايراق» ماركىلىق پىكاپقا ئولتۇرۇپ، ئىشانغا كەلگەن بىر ئاسىمۇ قەستەن بىر نەچچىنى ئايلىنىپ يېڭى 8 - قورۇغا كەلدى. بۇ خۇاگوفېڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىدى.

شۇ تاپتا خۇاگوفېڭ ئىچى تىتىلداپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى.

— يولداش گوفېڭ، ۋەزىيەت جىددىي، ئەمدى ساقلاشقا بولمايدۇ، دەرھال ئىش باشلىشىمىز كېرەك، — دېدى يې جيەنيىڭ.

— شۇنداق، ئەسلى يەنە بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلايلى دېگەن، ئەمدى ساقلىماق بولمىغۇدەك.

— بىز ئالدىدا تۇتۇش قىلايلى، بولمىسا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالىمىز.

خۇاگوفىڭ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا سەل تۇرۇۋېلىپ:

— قايسى كۈنى قول سالساق بولىدۇ، سىز بېكىتىڭ، دېدى.

— بىزنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىمىزغا ئاساسەن كېچىككەندىمۇ ئۆكتەرنىلوككە قول سالساق قانداق؟

— شۇنداق بولسۇن! بىراق ۋاڭدۇڭشىڭنىڭ تەييارلىقى قانداق بولىدىكەن.

يې جەنيىڭ ھازىرلا ۋاڭدۇڭشىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ دىققىتىنى ئېيتىپ يولغا چىقتى.

يې جەنيىڭ ۋاڭدۇڭشىڭ بىلەن مەسىلىنى پىششۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەستايىدىل تاپىلىدى.

ۋاڭدۇڭشىڭ خۇاگوفىڭ بىلەن يې جەنيىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۇرۇش تەييارلىقىنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ھەربىكەت گورۇپپىلىرىدىنى بىر - بىرلەپ ۋەزىپە تاپشۇردى. گورۇپپا باشلىقلىرىدىن ئەزالىرىغىچە ھەممىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىرىنى ئېلىپ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ نامسىز قەھرىمانلار بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلايمىز دەپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

ئىشنىڭ تېخىمۇ پۇختا بولۇشى ئۈچۈن، يې جەنيىڭ شۇ ئارىدا يەنە بەزى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم بەزى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا ئۇچۇر يەتكۈزدى. ئىشقا ئىچىدىن كىشىلەرگە ئىش باشلىنىدىغانلىق توغرىسىدا تېلېفون بەردى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ھەپتىگە ئۈچ، ھاۋا پۇلۇتلۇق. شامال كۈچى 2—3 بال ئەتراپىدا، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 18 سېلسىيە گرادۇس. كالېندارىدىكى ئادەتتىكى بىر كۈن. بىراق تارىخ مانا مۇشۇ ئادەتتىكى كۈننى تاللىدى.

يې جەنيىڭ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ھويلىدا كۆرۈشكە باشلىدى. قارىماققا جاھان تىنچ، ھېچ ئىش يوقتەك ئىدى.

سائەت 3 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلىدى: «كەچ سائەت 8 دە سىياسىي بيۇرو دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلىدۇ. مۇئاۋىن رەئىس يې جەنيىڭ بىر سائەت بۇرۇن خۇەيرېنتاڭغا كەلسۇن».

ماتۇ تېلېفوننى ئېلىپ دەرھال يې جەنيىڭگە يەتكۈزدى.

سائەت 6 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە يې جەنيىڭ كىرەك ھەربىي كىيىمىنى كىيىپ كاناۋاينى باشلاپ يولغا چىقتى. يې جەنيىڭ شوپۇر ۋە كانىۋايغا:

— بىر گەپ، ھوشيار بولۇڭلار، ئىچىدىمۇ ھەر قانداق جىددىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان تەييارلىق بولۇشى كېرەك، — دەپ تاپىلىدى.

سائەت 7 دە يې جەنيىڭ ئولتۇرغان ماشىنا خۇەيرېنتاڭ ئالدىدا توختىدى.

يېجەنيىڭ كىرىش بىلەنلا خۇاگوفېڭمۇ يېتىپ كەلدى. ۋاڭدۇڭشىڭ بۇرۇنلا تەييار بولغانىدى. ئىككەيلەن ئۇچرىشىپ كۆز بېقىشتى. يېجەنيىڭ، خۇاگوفېڭ سافادىن ئورۇن ئالدى. ۋاڭدۇڭشىڭ تۆت كانىۋاي بىلەن مۇۋاپىق جايغا يوشۇرۇندى. يىغىن ۋاقتى توشاي دەپ قالدى. خۇا، يې ئىككىسىلەن ھېلىقى ئۈچ مېھماننى ساقلاۋاتاتتى.

7 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە سىرتتىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. بىرىنچى بولۇپ كەلگەن قايسىدۇ؟

ئەسلىدە جاڭچۈنچاۋ ئىكەن. ئۇ كىرىشكە تۆت كانىۋاي تەرەپتىن يالاپ ئۇنى خۇاگوفېڭ بىلەن يېجەنيىڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي ۋارقىرىماقچى ئىدى. بىراق يالاپ ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن خۇا بىلەن يې دىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ خۇددى يېلى چىقىپ كەتكەن شاردەك سولىشىپ قالدى.

خۇاگوفېڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۇرىستە تۇرۇپ: «جاڭچۈنچاۋ، سەن ئاڭلاپ تۇر. سىلەر پارتىيىگە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى، كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدىغان ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدىڭلار! شۇڭلاشقا سېنى توختىتىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدۇق.» قارارنى ئوقۇپ بولۇپلا دەرھال ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئارقىدىنلا ۋاڭخۇڭۋېن كىرىپ كەلدى. تۇيۇقسىز يان تەرەپتىن كەلگەن مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى ئارىغا ئالدى. ئۇ ۋارقىرىدى - جارقىرىدى، ھەتتا ئىسيانچىلارغا خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرنەچچە مۇشت ۋە پەشۋامۇ ئاتتى، بىراق كارغا كەلمىدى.

خۇاگوفېڭ بۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا «توختىتىپ تەكشۈرۈش» قارارىنى ئوقۇپ دەرھال ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇدى.

ۋاڭخۇڭۋېننى ئېلىپ ماڭغان ئىككى ئەسكەرنىڭ ئېيتىشىچە «ئۇ، بەك پۇشايمان يېگەن. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا كېچىكىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ھەسرەت چەككەن.» ئۇ ئۆزىگە ئاستا پىچىرلاپ: «ھەي ئىسىت، بىز ئىشنى ئۇلاردىن سەل بۇرۇن باشلىغان بولساق بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز تۆردە ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئۇلار بولغان بولاتتى» دېگەن.

جاڭچۈنچاۋ بىلەن ۋاڭخۇڭۋېننى يولغا سالغاندا سائەت 8 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

ياۋۇنيۈەن مۇشۇ نەچچە كۈندە، نېمە دەپ يىغىن ئاچمايدىغاندۇ؟ دەپ تېزرەك ھوقۇق تارتىش كورىشىنى باشلاپ، چوڭراق مەنسەپ ئېلىشنى ئويگىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئويلاپ يۈرەتتى. بۈگۈن تېلېفوندىن يىغىن ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلاپلا «ئاناڭنى، بۇرۇنلا ئاچىدىغان يىغىن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئالدىراش تەييارلىق قىلىپ خۇەيرىنتاڭغا يول ئالدى.

... ياۋۇدىنىزەننى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى پاشىنىچە بولدى. ئۇ تېخى ھويلىدىلا كىرە - كىرمەيلا مۇھاسىرىگە ئېلىندى. مەركەز مۇھاپىزەتچىلەر ئىدارىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى، قارارنى ئوقۇپ ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇدى.

خۇەيرېنتاڭدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىلىۋاتقان شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ھەرىكەت گۇرۇپپىسى — جۇڭنەنخەيدىكى 201 - نومۇرلۇق قورۇغا كىردى. بۇ گۇرۇپپىغا ئالاھىدە ئىككى ئايال مۇھاپىزەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

بۇ جىياڭچىڭ تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. تۇيۇقسىز داتونۇش بىر نەچچەيلەن ئۆيگە ئىرسىپلا كىرىپ كەلدى.

— سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەم! نېمە ئۈچۈن رۇخسەتسىز ئۆيگە كىرىسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى جىياڭچىڭ.

مەركەز بەنگۇڭتىڭىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى «توختىتىپ تەكشۈرۈش» قارارىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى ۋە ئۇنى ئېلىپ مېڭىشقا مۇھاپىزەتچىلەرگە بۇيرۇق بەردى.

جىياڭچىڭ ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلاپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «قېنى سىلەر! سىلەر نەگە كەتتىڭلار؟» دەپ ۋارقىرىدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ھەرىكەت گۇرۇپپىسى يىنەنتاڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. ھازىر بۇ جايدا ماۋيۈەنشىن تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ ئالدىدا لى لەنچىڭ پەيدا بولۇپ قالدى. لى لەنچىڭ ئەسلى ماۋجۇشىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. ماۋيۈەنشىن ئۇنىڭ بىلەن تونۇش ئىدى.

— لاۋلى بىرەر ئىش بارمىدى؟ — سورىدى ماۋيۈەنشىن.

— ھەئە! سىزنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىڭىزنى يۆتكەيلى دېۋاتىمىز. ئەمدى بۇ جايدا داۋاملىق تۇرۇش ساڭا مۇۋاپىق ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، مەن نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تەييارلىق قىلىۋالاي،

— ھاجەتسىز، ھېچ نېمە ئېلىشقا بولمايدۇ! ھازىرلا يولغا چىقىمىز. — بىر نەچچە مۇھاپىزەتچى ماۋيۈەنشىنگە يېقىنلاپ كەلدى. ماۋيۈەنشىنمۇ ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ يەتتى.

— ھە! سەن ئەسلىدە مېنى تۇتقىلى كەپسەن - دە؟ — دەپ كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى ماۋيۈەنشىن.

— دېگىنىڭ راست. مەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم ھەم بۇيرۇقتا بىنائەن ساڭا ماۋۇ ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزىمەن، — دەپ توختىتىپ قويۇش قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

جىياڭچىڭ بىلەن ماۋيۈەنشىننىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنغانلىق خەۋىرى ناھايىتى تېز خۇەيرېنتاڭغا يەتكۈزۈلدى.

تەقەززالىق بىلەن خەۋەر كۈتۈۋاتقان يې جيەنيىڭ، خۇاگوفېڭ، ۋاڭ دۇڭشىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. يې جيەنيىڭ ھاياجان بىلەن: «ياخشى! ياخشى! ناھايىتى ياخشى! بىر پاي ئوق چىقارماي مەسىلە ھەل بولدى!» دەپ ئىرادىلىك سۆزلەپ كەتتى.

مۇنداق خاسىيەتلىك ئۇلۇق غەلىبىنى خەلق ئاممىسى ئاللىبۇرۇنلا ئارزۇ قىلغانىدى. ئەمما مۇنداق ئاسان بىر تەرەپ بولۇشنى ھېچكىممۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

1976 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچ سائەت ودىن كېيىن يې جيەنيىڭ بىلەن خۇاگوفېڭ بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە خۇەيرېنتاڭدا جۇڭيەنمىڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرىيىك ئەسكەر ئېلىپ دەرھال «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» كونترول قىلىدىغان مەركىزىي كومىتېت رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېيجىڭدا بار سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنى يۇچۈەنشەنگە جىددىي يىغىنغا چاقىردى.

يې جيەنيىڭ بىلەن خۇاگوفېڭ ماشىنا بىلەن يۇچۈەنشەنگە كەلدى. ئىككىيلەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ يەردە بىر ياقتىن كەچلىك غىزا يەپ، يەنە بىر ياقتىن ھازىرلا ئېچىلىدىغان جىددىي يىغىن مەزمۇنىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەزمۇن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بىتچىت قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتىن سىرت، مەركىزىي كومىتېت رەئىسلىك نامزاتلىقىنى كۆرسىتىش ئىدى.

يې جيەنيىڭ:

ــ جۇشى ھايات ۋاقتىدا خىزمەتنى سىزگە تاپشۇرغان. مېنىڭچە بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى سىز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك، ــ دېدى.

خۇاگوفېڭ كەمتەرلىك بىلەن:

مېنىڭچە بۇ ۋەزىپىنى يەنىلا سىز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، مەركىزىي كومىتېت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىسىڭىز، ــ دېدى.

يې جيەنيىڭ قەتئىي ھالدا:

سىز جۇشى ھايات ۋاقتىدا بەلگىلىگەن ئىزباسار. يەنىلا يىغىنغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلايلى، ــ دېدى.

سائەت ودىن كېيىن سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. سائەت 10 بولغاندا يىغىن زالىدا يې جيەنيىڭ بىلەن خۇاگوفېڭ قول تۇتىشىپ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن خۇشال كىرىپ كەلدى.

خۇاگوفېڭ سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى ھەيۋەتلىك ئېلان قىلدى.

بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان رەسمىي ئەزا، كاندىدات ئەزالار: خۇاگوفېڭ، يې جيەنيىڭ، لى شيەنيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭ، چېن شىليەن، سۇجىنخۇا، جى دېڭكۈي، ۋۇدې، نى جىغۇ، چېن يۇڭگۈي، ۋۇگۈيشەن قاتارلىق 11 ۋەكىل.

يىغىن باشلىنىش بىلەن خۇاگوفېڭ سۆز قىلدى. ئارقىدىنلا يې جيەنيىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىش ئەھۋال جەريانى ۋە بۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە سۆز قىلدى. بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ سۆز ئارىلىقىدا ۋەكىللەر ئۈزۈلدۈرمەي چاۋاك چالدى ھەتتا بەزىلەرنىڭ قوللىرى قىزىرىپ كەتتى. يىغىن مەيدانى شاد - خۇراملىققا چۆمدى. ۋەكىللەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. يىغىن يې جيەنيىڭنىڭ كۆرسىتىشى

بىلەن خۇاگوفېڭنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. يىغىندىن كېيىن ۋاڭ دۇڭشىڭ مەسئۇل بولۇپ يىغىندا قاتناشمىغانلاردىن ۋۇدې گۇچىڭ، شىراشىيۇ، لى دېشېڭ، سەيپىدىن قاتارلىق كىشىلەرگە خەۋەر قىلدى. ئۇلارمۇ بىردەك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. قالغان رەسمىيەتلەرنى كېيىن مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ تولۇقلاش قارار قىلىندى. يىغىن كەچ سائەت 10 دىن ئەتىسى ئەتىگەن 5 كىچە 7 سائەت ئېچىلدى.

تۇمەنلىگەن شەھەردىن ئۇيقۇدىكى كىشىلەر ئاخشام يۈز بەرگەن بۇ بىر مەيدان ئاۋازسىز جەڭنى ھەم كېچىچە ئېچىلغان سىياسىي بيۇرو يىغىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كېچە تۈگەپ تاڭ يورۇغاندا شەھەردىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان خەلق ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى كۆرەر - ھە!

7 - چېسلا مەركىزىي كومىتېت شاڭخەيدىكى ماتيەنشۈي قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا يىغىنغا كېلىشكە ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇ كۈنى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم جىددىي يىغىن ئېچىپ، يىغىندا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بىرنەچچە مۇرىتىنى بىر تەرەپ قىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تەختتىن چۈشكەن كۈنى جۇڭگو خەلقىنىڭ توي كۈنىدۇر. يې جەنىرىلنىڭ بۇ خۇش خەۋەرنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان پېشقەدەم يولداشلارغىمۇ ۋاقتىدا ئۇقتۇردى.

دېڭ شياۋپىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ مەركەزگە خەت يېزىپ ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈردى. ئۇ «ئەمدى كېيىنكى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم» دېدى.

نيې رۇڭجېن، شۈشاڭچيەن، چېن يۈن، خۇياۋباڭ، ياڭيۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلەرمۇ بۇ ئۇلۇغ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى يايراپ كەتتى؛ ھەتتا بەزىلەر خۇشاللىقىدىن «مېنىڭ كېسىلىم ساقايدى. ئەمدى مەن خىزمەت ئىشلەيمەن» دېدى. ھەممەيلەن يولداش يې جەنىرىلگە بارىكاللا دېيىشتى.

شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىمۇ بۇ خۇش خەۋەرگە تەبرىك تېلېگراممىلار ئەۋەتىلدى.

شاڭخەي «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مۇھىم جايى بولۇپ، بۇ جايدا ئۇلارنىڭ جاھىل مۇرىتلىرى بار ئىدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ماتيەنشۈي بېيجىڭغا كېلىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ مەخپىي ئۇسۇللار ئارقىلىق شاڭخەيگە خەۋەر بەردى. شاڭخەيدىكى شۇجىڭشەن، ۋاڭشۇجېنلار دەرھال شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىرىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار شەھەر ئىچىدىكى قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ ئالاقىلىشىش ئاپپاراتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار 33 مىڭ مىلتىق، 100 ماشىنا، 200 شوپۇرنى بىرىنچى دەرىجىلىك ھەربىي ھالەتتە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار مەركەزگە تۇتۇۋالغان ئادەملەرنى قويۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شاڭخەيدىكى كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىۋېتىمىز، تۆمۈر يوللارنى ئۈزۈۋېتىمىز. پورتلارنى تاقىۋېتىمىز. مەركەز بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز،

«قانلىق كىرىزىسنى ئاخىرىدىمۇ ئېلىپ بارىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشتى.

يې جيەنيىڭ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى شاڭخەي ۋەزىيىتىنى ئىنچىكە-
لەپ تەھلىل قىلىپ زورۇر بولغان يىغىنلارنى ئاچتى. شاڭخەيدە «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ»نىڭ ھەقىقەتەن جاھىل مۇرتەتلىرى بار. ئىككىنچى قوراللىق كۈچى بار.
ئەمما ئۇلار ئاز ساندا، كۆپ ساندىكىلەر بولۇپمۇ كۆپ سانلىق مىنبىگلار
تېخى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدۇ. بىز ھەر خىل تەشۋىقات قوراللار ئارقىلىق
ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، كۆپ ساندىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ
شاڭخەي مەسىلىسىنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك دېگەن
پىكىر بىرلىكىگە كەلدى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەركەز شۇجىڭشەن بىلەن ۋاڭ شۇجېننى بېيجىڭغا
چاقىرتىپ ماتيەنشۈي، جۇچۇنلىڭ قاتارلىق تۆتەيلەن بىلەن كوللېكتىپ سۆز-
لەشتى. ئۇلارغا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن بولغان چەك - چېگرىنى ئايرىپ، شاڭخەي-
دىكى توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. خۇاگوفېڭ «بىز تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» نى بىر تەرەپ قىلىشتا ماۋجۇشىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇق.
خەلقنىڭ سادىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھەقىقىي ماركسىزم، لېنىنىز-
مچىلار بولغان بولسا بىز ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان بولاتتۇق. ھەتتا
ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكىمۇ رازى ئىدۇق. بىراق ئۇلار بۇنىڭ
ئەكسىچە ئىش قىلدى. شۇڭلاشقا سىلەردىن تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» تىن چەك - چېگرا ئايرىپ، ئۇلارنى پاش قىلىپ شاڭخەينىڭ خىزمەت-
لىرىنى ياخشى ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەركەز ماتيەنشۈي قاتارلىق تۆتەيلەننى شاڭ-
خەيگە قايتۇردى. ئۇلار مەركەز رەھبەرلىرى ئالدىدا ۋەدە بېرىپ، شاڭخەيگە
بارغاندا يەنە ئۆز سەنىتىگە دەسسىدى. مەركەز بىلەن قارشىلاشتى.

مەركەز قارار قىلىپ سۇجېنخۇا، نىجىفۇ، پېڭچۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم
يولداشلارنى شاڭخەيگە ئەۋەتتى. بۇ يولداشلار نۇرغۇن جاپالىق، جىددىي
ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ئاخىرى شاڭخەينى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇماش-
تىلىرى كونتروللىقىدىن قايتۇرۇۋالدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە ئىچىدە 16 - نومۇر-
لۇق ھۆججەت تارقىتىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىگە قارشى جىنا-
يەتلىرىنى، ماۋجۇشىنىڭ 1972 - يىلىدىن بۇيان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بەرگەن
تەنقىدلىرىنى ھەم «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى توختىتىپ تەكشۈرۈش قارارىنى
ئۇقتۇردى. ئەمەلىيەتتە بۇ خەۋەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان
كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ مەملىكەت ئىچىدە تارقىلىشقا باشلىغانىدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركەز مەخسۇس ئەنزە ئىشلەش گۇرۇپپىسى
قۇردى. بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرىنى
قانۇنىي ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىگە قارشى
جىنايى پاكىتلىرى ئۈستىدە ئۈچ قېتىم تەشۋىق ماتېرىيالى تارقاتتى.

ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى يې جيەنيىڭ بۇ غەلىبىلەرگە مەست بولۇپ،
ئەس - ھوشىنى يوقاتمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ سەگەك، ھوشيار بولۇپ، «تۆت كىشىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گۇرۇھ» تەشكىلىي جەھەتتىن ئاغدۇرۇلغان بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە باشقا ساھەلەردىكى زەھىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقىي تازىلاپ چىقىرىشتا مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىش، كۈرەش قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ھەم ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىراق بۇ كۈرەشتە سىياسەتكە دىققەت قىلىش، بىر بولسا تىزگىنلەش، يوق بولسا ئىبرەت ئېلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش فاڭجېنىنى قوللىنىش، تەربىيە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىش، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغانلىكى يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، دېڭشياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلارنى تېزرەك ئازاد قىلىشىمىز، ياش، قابىلىيەتلىك ئىنقىلابىي ئىز باسارلارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم، دەپ يوليورۇق ۋە تەكلىپلەرنى بەردى ھەم ياشانغىنىغا قارىماي ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1976 - يىلى يې جەنيىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن 10 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ دېڭشياۋپىڭنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش ھەم پارتىيىدىن مەڭگۈ ھەيدەپ چىقىرىش قارار قىلىندى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 16 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە ئالىي خەلق تەپتىشى ئالاھىدە تەپتىش ھەيئىتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي سوت ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرى ئەيىبلەندى، ئوچۇق سوت قىلىندى.

1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا ئاساسلىنىپ مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى.

جىنايەتچى جياڭچىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش.

جىنايەتچى جاڭچۇنچياۋغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش.

جىنايەتچى ياۋۋېنيۈەنگە 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىش.

جىنايەتچى ۋاڭخۇڭۋېنغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلىندى.

دېمەك، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىش كۈرىشىدە يولداش يې جەنيىڭ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. پەۋقۇلئاددە تۆھپە ياراتتى. يې جەنيىڭ باشلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەم نۇرغۇن ئىسمى ئاتالمىغان نامسىز قەھرىمانلارنىڭ پارتىيە، دۆلەت، خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسى بىر مىليارتىن ئوشۇق جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.



# قەشقەر كوچىلىرى

ھېكايە



سەبرى

1

— نېمە؟

— ئۇنتۇپ قالسەن ئۇكام، تولا چوڭ گەپ قىلما. مە، مۇنۇ ئادرېسنى ئېلىۋېلىپ سورا، ئاۋۋال كوچىنى، ئاندىن ئۆي نومۇرىنى تاپ.

— ھا - ھا - ھا... گېپىڭنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستانبۇل، بۇداپېشت، بۇخارېست، بېلگىرات، ۋارشاۋا، ۋېنا، رىم، باغدات، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۈشۈمىدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زۇۋانسىز يۈرۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنىمىك قىلىپ يۈرگەن ئوغۇل بالىمىزە ئەمدى كېلىپ سېنىڭ قەشقىرىڭدە ئېزىقىپ قالارمىدىم. ھامىمىزنىڭ ئىسمى بۇۋى ھەسەلخان، تاغىمىزنىڭ ئىسمى قۇناخۇن زەگا دېيىدىغۇ؟ ھە، بولدى، مەن سېنىڭ ئامانىتىڭنى چوقۇم، ساق - سالامەت تەگكۈزىمەن ھەدە.

— ئۇنداق دېمە دەيمەن، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

دېگەن باشقا شەھەر. ئەشىكا كوچىسى، زەگەلى كوچىسى، گوداڭ كوچىسى، باغ كوچىسى، جانان كوچىسى، ئەنجان كوچىسى، تاغارچى...

— بولدى قىل دەيمەن ھەدە، مىڭ كوچا بولسىمۇ ھامماڭنى تاپالايمەن. ياۋروپادا كېكەچەپ تېنىمەيمەنۇ، قەشقەردە مىغىلداپ تۇرغان ئۇيغۇرلار-نىڭ ئارىسىدا تېنىگىزدەكمەن، تېنەش سېنىڭ ئىشىڭ ...

ئىنىسى چالۋاقاپ، قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائىتىنى يالت-يۇلت قىلدۇرۇپ قوللىرىنى شىلتىپ قويۇپ ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ھەدىسى ئاغزى ئېچىلغان پېتى، قول-لىرىنى سوزۇپ ئىنىسىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ قالدى:

— ئازات، ئازات ئۇنتۇما ھە. ۋاي سېنىڭ پوچىلىقىڭەي...

2

ئازات ئىسمىغا لايىق ئازاد-دە، ئاتىسى رەھمىتى بۇ ئىسمىنى خەلقىگە ۋەكىللىك قىلسۇن دەپ تاللىغاندا بالىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياكى ناۋائىدەك ئۆلمەس نام قېلىشىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، شۇ نىيەتتە بالىسىنى ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى. ئازات شۇنداق قىلدى. لېكىن ئاتا رەھمەتى 80-يىللارنىڭ بۇ«يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋائى» سىنى كۆرەلمىدى. ئاتا ۋاپاتىدىن كېيىن ئازات ئالىي مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ ئۇكىلى-رىنى بېقىش ئۈچۈن ئاتىسىدىن قالغان ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئىچكىرىگە— شاڭخەي، بېيجىڭغا ماڭغان ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمىگە قېتىلدى. ئۇ ھازىر مىليون يۈەنلىك خوجايىنى، ئايروپىلان بىلەن تاي-تاي جۇڭگو يىپەك ماللىرىنى ئېلىپ ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ چوڭ-چوڭ شەھەرلىرىنى كېزىپ يۈرەلەيدۇ. لېكىن ئۇ ھازىر شۇنچىلىك پۇللۇق بولغىنىغا قارىماي بىردە رېئال ھايات ئىچىدە ياشىسا، بىردە شېرىن خىيال ئىچىدە ياشاپ يۈرۈۋاتقان ھەم شوخ، ھەم غەمكىن يىگىت. رېئاللىقتا ئۇ يۈگەن-سىز يايلاق تۇلپىرى — خالىغان تەرەپكە چاپالايدۇ، ئەتراپىدىكى خۇشامەت ۋە تەمە بىلەن ئۆمىلىشىپ يۈرگەن ئادەم-لەرگە يېرگىنىپ تۇرۇپ شەپقەت قىلا-لايدۇ، خالىسا قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچالايدۇ، كاتتىلارنىڭ ھوزۇرلىرىدا بولالايدۇ؛ كىشىلەرنى سېتىۋالالايدۇ، قۇتقۇزالايدۇ، پاتقاققا ئىتتىرەلەيدۇ، پۇل كۈچى بىلەن بولىدىغان ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ.

لېكىن ئۇ ئۆزىنى خەلقىنىڭ مەدە-نىيەتلىك قاتلىمىدا ھېسابلايدۇ. ئۇ پۇل ئىئانە قىلىشتا ئەدەبىيات-سەن-ئەت، مائارىپقا مەردرەك، مەسچىت-مەدرىسلەرگە پىخسىقراق. خىيال-ئارزۇ ئالدىدا ئۇ باغلاقتىكى قوزا — بىچارە. ئۇ بابۇردەك جەڭ ئىچىدە يۈرۈپ شېئىر يازالىغانمۇ، شېرىپىدىن ئەلى يەزدىدەك نەق ماتېرىياللار دۆۋىسىگە كىرىۋېلىپ جىمجىت ماكاندا تارىخ رېئاللىقىنى ئاساس قىلىپ «زەپەرنامە» يېزىپ، بۇ ئەسىرنىڭ تۆمۈرلەڭلىرىنى مەدھىيىلىگەنمۇ بولار ئىدى، پۇل كويى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. ھەم

پۇل تېپىش، ھەم ئىلمىيلىك بولۇش بۇ دەۋردە مۇدا ئەمەسكەن، ئەنسەپدار-لار بىلەن كەمبەغەل بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، پۇل تېپىش كىرىمغا چۈشكەن-لەرمۇ ئىجادىيەتتە كەمبەغەل بولۇپ قالىدىكەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتا ئارزۇسى ھازىرمۇ بىر ئارمان. ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ئەنە شۇ ئارمان، تەشنالىقىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى بىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، تارىخ ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنى ئوقۇشقا ئامراق. ئۇنىڭ سىڭمىسىدىكى پىچەت-پىچەت پۇل، دوللار بىلەن كىتابلار ھەممىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۈ دوست ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئازاتنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك، سومكىسىلا ئەمەس قەلبىمۇ شۇنداق. سەۋەبى باشتا ئېيتىلدى، ئۇ ھەم رېئال ھاياتنىڭ، ھەم شېرىن خىيالنىڭ پۇقراسى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئازات.

3

قولىدا سىمكا، ياۋروپاچە كىيىنگەن، سۇمباتلىق، ئاق يۈز، قارا بۇرۇتلۇق گۈزەل يىگىت قەشقەر ھېيتگاھ ئالدىدا خۇددى ئۆزىنى باھالاتماقچى بولغاندەك غادىيىپ تىك تۇردى. پەشتاق ئۈستى-دىكى مەزىن تەكبىردىكى قوللىرىنى قۇلاقلىرىدىن چۈشۈرۈپ ئەزەننى ئاخىر-لاشتۇرغاندا يىگىت يۈزىنى ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان بارماقلىرى بىلەن سىيپاپ دۇئا قىلدى.

— ئەھلى مۇسۇلمانلىكەن!...

— ئەرەب!...

— تورك!...

— جانان كوچىسى نەدىكىن؟ — ئازات ئۆزى تىرىغىسىدا گەپ تالاشقان كاۋاپچى بىلەن دوغچىدىن سورىدى. ئىككى كاسىپ قوللىرىنى ئالدىراپ پەشتامالىرىغا سۈرتۈپ ئازاتقا قول بېرىشتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كاۋاپ يەملا؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يىگىت، ئۇسسىغانلا؟

— ئوبدان، ئايروپىلاندىن ھېلىلا چۈشتۈم، ھەم كاۋاپ يەي، ھەم دوغ ئىچەي، لېكىن بىردەم تۇرۇپ، — دېدى ئازات كاسىپلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، — مەن جانان كوچىسىنى بىلە-ۋالسام بولاتتى...

كاسىپلار بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئازاتقا يول كۆرسەتمەكتى؛ ئازات ئۇلار كۆرسەتكەن سىزىق بىلەن مېڭىپ چاسا سېمونت خىش ياتقۇزۇلغان قەدىمكى قەشقەر كوچىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كوچا دەرەخسىز، تۇتاش ئۆيلەر ئارىسىدا خۇددى تىك يارنى يونۇپ ياسىغاندەك كۆرۈندى. بىرىنچى ئىشىككە قارىدى «جانان كوچا» دېگەن خەتلەر سۇس كۆرۈندى. ئۇ ئىچكىرىلىدى. بىردىنلا ئوڭغا بىر تارماق ئايرىلدى. بۇ تارماقنىڭ ئۈس-تىگە ئۈستىلىق بىلەن ئۆيلەر سېلىن-غان. كوچا ئۈستىگە سېلىنغان مۇنداق ئۆيلەرنى ئازات تېخى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ يالىما لېپىلىرىغا قىزىقىپ قاراپ بۇ گۈزگا كوچىدا ئىچكىرىلىدى. تۇتاش ئۆيلەر قوش قاناتلىق، تاق قاناتلىق؛ ھەم يېپىپ-غان، قىميا ئوچۇق، ئۇلۇغ ئوچۇق

ئىشىكلەر، ئوچۇق ئىشىكلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەدىيال، رەخت، كەشتىلىك پەردىلەر، ئارقىسى ئازادە ھويلا، چىرايلىق ئۆيلەر ئىدى. ئۆيلەر تۇتاش، ئىشىكلەر ساناقسىز، كوچىلار قۇياشلىق كۆككە، قاراڭغۇ؛ بىرلىرى سالقىن، بىرلىرى دىمىق، بىرلىرى شاماللىق - سۆرۈن؛ ئۇ يەر - بۇ يەردە داق يەردە ئولتۇرۇشقان پاراڭچى ئاياللار، شوخ بالىلار، سۇ ئەكەلگەن ئېشەك ھارۋىسى، مال چۈشۈرۈۋاتقان سوپەك، خوجايىنىنى كۈتۈپ تۇرغان پىكاپ، موتسىكلىت... بۇ يەردە ھەممىلا نېمە، ھەر خىل ئادەملەر بار.

— يىگىت، — دېدى بىر ئايال تور ياغلىقىنى يۈزىدىن قايرىپ قاشلىرىنى ئوينىتىپ، — ماندىقى بارمۇ؟ — ئۇ بىر ئەرەب تىللاسىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى ۋە ئازاتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ قوڭغۇر كاستۇمىنىڭ يېڭىدىن چىمدىپ تۇتتى، — بىر سەرلىك تىللا، ئەگەرچەندە ئاتمىش پىرسەنتتىن يۇقىرى ساپ بولسا، لىگمۇرلىك ئوتتۇز ئۈچ گراملىق تىللا بولسا بىز تۆت مىڭ كويدىن ئالىمىز. تۆت مىڭدىن ئوشۇق ئالىدىغانلارمۇ بار. نېمىلا دېگەنلىرى بىلەن ھوي يىگىت، ئالتۇن پۇل بولىدىغان يەر مۇشۇ قەشقەر. تۈركىيىدە بىر سەر ئالتۇن جوڭگو پۇلىغا ئىككى مىڭ — ئىككى مىڭ ئالتە يۈز كوي، ھەرەمدە ئۈچ مىڭ — ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز كوي، قەشقەردە تۆت مىڭ — تۆت مىڭ بەش يۈز كويىچەن، جورسىلە، بىزنىڭ ئۆي تاغارچى كوچىسىدا بالام... ھوي يىگىت...

— ئاچا، مەن ئالتۇن سودىسى قىلمايمەن، ھاممامنى ئىزدەپ يۈرىمەن. ئىسمى بۈۋى ھەسەلخان، تاغامنىڭ ئىسمى قوناخۇن زەگا!

— بىلمىمەن، بىلمەيمەن، جورسىلە ھاممىلىرى بىزنىڭ قوشنىمىز دەيمەن.

— ھا - ھا - ھا ... ھى - ھى - ھى ... بىلمەيتتىكەن... جورسىلە، مەن ئاپىراي...

— جانان كوچىسىدا دېۋىدى...

— ھا - ھا - ھا... جانان كوچىسى دەملام؟ سىلى نەدە تۇرۇۋاتىدىلا، بۇ دېگەن گودالڭ كوچىسى، قادىر زەگا دېدىلىمۇ؟ ۋاي بىلمەمدىغان، مۇشۇ ئۈزۈكلەر، مونۇ ھالقا... ئۈزۈكلىرى نېمانداق چىرايلىق بالام، كۆزى بىرلىيانتمۇ، نەنىڭ؟

ئايال ئازاتنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مۇجۇشقا باشلىدى، — سائىتىڭمۇ ئالتۇن ئوخشىمادۇ، ھەممىلا يېرىڭ ئالتۇنكەن جۇمۇ، نېمانداق چىرايلىقسەن يىگىت، بۇ يەرنىڭ سەتەڭلىرىنىڭ كۆزىدىن نېرى بول... قادىر زەگا دېدىڭما؟ بىلمەيمەن، بىلمەمەن، خوتۇنى نېمە دېدىڭا؟ بۈۋى شېكەرخانمىدى، ھە راست، بۈۋى ھەسەلخان دېگەن ئەمەسمىدىڭ، مېنىڭ دوستۇم. بۈۋى شېكەرخان، بۈۋى ھەسەلخان، بۈۋى ناۋاتخان ھەممىسى بىر گەپ. بالام نەگە؟ بۇ ياققا ماڭساڭ باغ كوچىسىغا بارىسەن، جانان كوچىسىنا مانا مۇنداق...

ئايال ئازاتنىڭ قولىنى مۇجۇپ تۇرۇپ توختىماي سۆزلىدى:

— ئۆيلەنمىگەن ئوخشايسەن، ئۆيلەنگەن بولساڭ بۇنچە ئويلىمايتتىڭ بالام، مەن دېگەن ئاناڭ، قولۇڭنى

تۇتسام نېمە بولاتتى، ئوڭغا بۇرۇل،
ئۇدۇل ماڭ. باشلاپ بارايمۇ-ياە؟ ...

ئازات بۇ ئايالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئالدىراپ يولغا ماڭدى ۋە ئالدىدىكى ئىشىكنىڭ دەر پەردىسىنى ئاچتى.

4

ئۇ كونا پالاز تارتىلغان ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاراپ باقتى. ئەسكى پالازنىڭ ئارقىسى كەڭ هويلا ئىكەن. كۆك سىرلانغان ئىشىكتىن بىر قىز بېشىنى چىقىرىپ ئازاتقا قاراردى. گويا كىچىككىنە قارا بۇلۇت ئارقىسىدىن تۇيۇقسىزلا تولۇن ئاي چىقىۋاندەك، ئەخلەت دۆۋىسىدىن تۇيۇقسىز ئالتۇن چىقىپ قالغاندەك ۋە ياكى بەرگى غازاڭ ئىچىدىن يېگىلا ئېچىلغان غۇبارسىز گۈل كۆرۈنگەندەك تۇيۇلدى. بۇ هالدىن ئازاتنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇ بۇنداق سۈزۈك كۆز، بۇنداق نۇرلۇق، بۇنداق گۈزەل، كىشىنى مەست قىلىدىغان كۆزنى ئۆمرىدە كۆرمىگەنىدى. ياش يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇق سامانغا ئوخشايدۇ، مۇهەببەت ئۇچقۇنى چوشۇش بىلەنلا بۇ ۋۇجۇت گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ئازات بۇ گۈلخانىنىڭ يالقۇنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ هويلىدىن تەستە بېشىنى چىقاردى. ئۇ قىزنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن:

— كەلسىلە! — دېگەن زىل ئاۋازدىنلا بەهرىمەن بولالىدى. هاياتىدا ئىشتىق سەۋدالىقىنىڭ تۇنجى تەمىنى قەشقەر كوچىسىدا تېتىغان مەستخۇش يىگىت ئىختىيارسىزلا شېئىر پىچىرلىدى:

بىر كۆرۈپ هەيرەتتە قالدىم
ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئەككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن
كۆزلىرى خۇمارىنى.

ئۇنى نومۇس، يىگىت غۇرۇرى كېتىشكە ئالدىراتسا، بايىقى گۈلخان تەپتى پالازنى قايرىپ، قاراشقا مەجبۇرلايتتى. نومۇس - غۇرۇرنى گۈلخان يەڭدى. ئۇ پالازنى قايرىپ يەنە قاردى. لېكىن بايا قىز تۇرغان يەردە ئېگىز، قاراساقال، ئافغانغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى. ئەمدى گۈلخاننى يىگىت غۇرۇرى يەڭدى. ئۇنىڭ تەمەخور، ئىنتىزار كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئەلشىر ناۋائىنىڭ پالەچلىقتا يازغان مەشهۇر مىسرالىرى بىلەن ئۆز هالىنى ئىپادىلىدى:

— ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر
هەر لەهزە ياش،
— بويلە كىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز،
نىهان بولغاچ قۇياش.

— باياتىن تېنەشنى كۆڭۈللۈك ئويىئون بىلىپ، ئاجايىپخانىغا كىرىپ قالغان سەهرالىق گۆدەكتەك ئالاقزادە بولۇپ، قەشقەر كوچىلىرىدا ساياهەت قىلىپ يۈرگەن يىگىت مىنۇت ئۆتمەيلا باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ئەس - خىيالى قىزدا، ئارزۇ - ئىستىكى قىز بىلەن دىدارلىشىش بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە نەدە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇدى. «توۋا، مانا مەن مەجنۇن، مەن پەرهات، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەهمۇت قەشقەرى، سەئىددىن قەشقەرىلەرگە تەختەلىۇس بولغان شەهەرنىڭ كوچىلىرى مانا مۇشۇنداق سىرلىق ئىكەن - دە، نەچچە

يۈزلىگەن قىزلارنى كۆرگەن جاھان كەزسەنىڭ، ھالى ئانا شۇنچىلىك. قەشقەر قىزىنىڭ جادۇ كۆزلىرىدە مەستانە، زوھۇردىدىنى، ھېكمەتلىك زامانىسىنىڭ ئۆچمەس يۇلتۇزلىرىمۇ مۇشۇ كوچىلاردا ماڭا ئوخشاش مەست بولغان، بولغىدى. ھەم بولمىسا زۇلپىيانى «مەپتۇن دىلئارا» نى بىلمەمسەن. «ۋامۇق - ئۇزرا» سەنمۇ، غېرىبنى «بەھرام - دىلئارا» شەيدانى، «نىزارى - «رابىيە - سەئىدىن» سەنمۇ ئانىدىن ياراتالايتتىڭ، ھەي شائىرلارغا مۇھەببەت داستانلىرى تەقدىم قىلغان قەدىمكى شەھەر، ماڭا ئوخشاش شېئىر ھەۋەسكارى ئۈچۈنمۇ بۇ دۆلەتنى تېمىمنىڭ چەكسىز سوئاللىرىنى تەقدىم قىلالامسەن؟ ئاشۇ كۆزلەرنى شېئىر بىلەن ئىپادىلەش پەيغەمبەر ئۈچۈن ئوكيانىدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكتەك قىيىن. بۇ خىل تەبەسسۇم بەلكى جەننەت - ھۆرلىرىدىلا باردۇر - ھە؟ قۇلىقىم ئەتراپىدا تىۋىشچە ناۋا بولۇپ تۇرغان ئاۋاز نېچۈن؟ بەلكى ئامانىدا خېنىملا بۇ خىل ئاۋازنىڭ سىر، ھېكمىتىنى بىلەر...» قەلبى ھېسسىيات بىلەن تولغان، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان يىگىت ئىچىملىك كەيپىدىن يوشۇرۇن گۈزەللىكلىرىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشىۋاتقان مەست شاھىبىقىرانىدەك ئۆز قەلبىدىن ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ كېتىپ، بىرىدىن بىرسىگە سوقۇلدى - دە، خىيالىدىن سەكرىدى.

— ئەسسەنە بىر رۇھىي تاھۇل پەرەزەھى، — دېدى سوقۇلغۇچى ئازاتتىن ئەپۇ سوراپ بولۇپ، يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، — بالام، بۇ كەچنىڭ مەنىسى سەۋزى خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى دېيىلگەن بولىدۇ. غەم تاغلىرى ئاستىدا قالا-

سا ئىگىمۇ بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ماڭ. ساڭا لازىم نەۋسە يەردە ئەمەس، ئادەملەردە. بالام!

— ئازات بوۋاينىڭ ئالدىدىن چىرايىدا زوقلىنىپ قارىدى - دە، ئۇنى باياتقى گۈلخان ئىسكەنجىسىدىن بىر دەقىقە قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ھەيۋەتتە قىزاردى. گويا بوۋاي ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوتنى كۆرگەن!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، — دېدى ئازات خىجىل ئەلەيسالامدەك كۆرۈنگەن ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيىپ، بېلىنى يېشىل تاۋاردا باغلىۋالغان، ئاپئاق ساقاللىرى تەكشى چېكىلگەن، يۈزلىرى قىزىل، لەۋلىرى - رەڭ بېرىلگەندەك چىرايلىق بوۋاينىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا خىجالەتتە قاراپ قويۇپ، — ئاتا، مېنىڭ غەملىك ئىكەنلىكىمنى سىزالىدىڭىزغا قانداق ئايان بولدى؟

— بىزمۇ ياشلىقىمىزدا غەملىك بولغان. خۇددى ساڭا ئوخشاش ماڭغان بالام، — بوۋاي ئاپئاق قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ شېئىر ئوقۇدى:

باشى يارالغان تېنىك تۇرۇشقا، شاخ
ئەمەس ئېگىلگىلى،
تېنى يارالغان سۆزگە ئەسلا يېتىپ
ئەمەس چېگىلگىلى.

— بالام، ئېگىلگەن باشنىڭ ئۈستىدە يۇلتۇز بولمايدۇ. مەن بىر چاغلاردا يۈرگىنىمنى بىلەن باقى دۇنيانىڭ پۇقراسى. ئىككى سىلەردەك ياشلارنى كۆرسەم تېنىم قىچىشىپلا تۇرىدۇ.

— نېمە ئىش قىلىلا بوۋا؟

— ئۆمرۈم تويى كىتابچۇرۇقلۇق قىلدىم. بۇمۇ بىر ھۈنەر، كونا - يېڭى

بولۇپ ئۇن ممك پارچمدىن جمق كمـ
تابمم بار.

ـ باي ئمكەللا بوۋا.

ـ باي دەپ سىنى دېسە بولارمـ
كمن، مادا قول ـ بارماقلىرنىڭ بايلمـ
قمڭنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ.

ـ دۇرۇس، بايمەن، مىليون يوەنگە
چامام يېتىدۇ، لېكىن راستىنى ئېيتـ
سام سىلى باي. مەن زامانىنىڭ بېيى،
سىلى مىللەتنىڭ بېيى.

ـ بوۋامدىن قالغان بايلىق بالام.

ـ بوۋىلىرىمۇ كىتابپۇرۇچمىدى؟

ـ سەبۇرى دېگەن شائىرنى ئاڭلمـ
غانمىدىڭ؟

ـ بىلمەن، بىلمەمدىغان زوھوردىـ
دىن. ھېكىم ئۇ كىشىگە تۈمەن دەريا ـ
سى بويىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن
يەر، سۇ بەرگەن. ئۇ كىشى زوھوردىـ
دىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى
ئىدى بوۋا، ئۇ زات نېمەلىرى بولىدۇ؟

ـ بوۋام بولىدۇ بالام! ـ دېدى بو ـ
ۋاي مەغرۇر، قەددىنى تىك تۇتۇپ، ـ
بوۋىمىزدىن دادىمىزغا، دادىمىزدىن
بىزگە مىراس قالغان بايلىق كىتاب
ئىكەن شۇ. شۇ بايلىق ئىككى ئەۋلادـ
نى كۆكلەتتى. خۇدايىم بۇيرۇسا قەشـ
قەر مۇشۇنداق تۇرۇپ بەرسىلا يەنە
نەچچە ئەۋلادنى كۆكلىتىدۇ بالام، ـ
دېدى بوۋاي ئۇزۇن، ئاپئاق قاشلىرىـ
نى چۆچۈگەندەك لىپىلدىتىپ قويۇپ، ـ
گەپ ـ ئاغزىڭ، سۆپىتىڭدىن ئىلىمگە
ھەۋەس چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئېيتقىنا، سەن
سودىگەرمۇ، ئىلىم ئەھلىمۇ؟

ـ ھەر ئىككىلىسى.

ـ دۇرۇس، دۇرۇس. بىزنىڭ زامانىـ
مىزدا سودىگەر بىلەن ئىلىم ئوت بىلـ
لەن سۇدەك ئىدى. جاھان ئۆزگەردى،
ھازىر سۇ بىلەن مايدەك...

ـ بەزىدە سۇ بىلەن سۈتتەك! ـ
دېدى ئازات كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ بەلكىم، بەلكىم، ـ دېدى بوۋاي
ئازاتنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ـ ئالدىـ
راش بولمىساڭ جۇر بالام، ئۇ يەردە
ئوغلۇمنىڭ ئۆيى بار. مېنىڭ كىتابـ
لىرىم شۇ يەردە. بىر پەس ھەمسۆھـ
بەت بولايلى:

ھەمراھى قابىل بىلەن يىراق بىر
غېرىبچە بولسا يول،
يىراقلىقنى نائەھلى بىلەن، بۇ يولـ
دا يولداش ئۆزگىدۇر.

5

توختىماي، قىزغىن، مەنىلىك سۆزـ
لەيدىغان بوۋاي ئازاتنىڭ بەدىنىدىـ
كى ھېلىقى كولخانىنى تېزلا ئۆچۈرۈپ
قويدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن زېھنىنى
بوۋاينىڭ گەپلىرىدىكى ئاشكارا ۋە
يوشۇرۇن مەنىلەرنى چۈشىنىشكە قاراتـ
قان. ئۇلار ئەگرى ـ بۈگرى تار كوچىـ
لاردا ئۇزاق ماڭدى. بىر ـ بىرىگە
ئوخشاش ئۆيلەر، ئۈستى يېپىق
كوچىلار، ئايلانما ـ بۇرۇلۇشلار بىر ـ
بىرىگە ئۇلىنىپ ئۆتۈۋەردى. ئازات
ئەمدى ئۆزىنىڭ نەگە كېتىپ بارغىنىـ
نى بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. بوۋاي
بوۋىسى سەبۇرى توغرىسىدا زوق بىـ
لەن سۆزلىمەكتە.

ـ بوۋام نامرات ئىكەن، شېئىرلىرى،
بىلىمى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولغانىكەن. بىلەمسەن بالام، سەبۇرى
دېگەن تەخەللۇسى ئۆزىگە تولىمۇ ياـ
راشقانىكەن. بۇ سۆز «سەۋرى» دېگەن
سۆزنىڭ كىچىكلىتىلمىشى ـ چىدامىلىق،

مەزمۇت دېگەن مەنىدە. بۇۋام رەھمەتى زوھورىدىن ھېكمەتنىڭ ھىمايىسىدىكە ئىگە بولۇپ دوستلىرى ئىزارى، زىيائى، غەرىبىلەر بىلەن مۇشۇ بىز تۇرۇۋاتقان قەشقەردە ئۆچمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقان. بۇۋام سەبۇرىنىڭ «ماقالات» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرى ھازىرمۇ كىشىلەرنى ئادالەت، ئەدەب - ئەخلاقنى قوغداش، ھەقىقەت ۋە بىلىم ئىزدەش يولىدا چېنىنى پىدا قىلىشقا ئۈندەپ نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. «دىۋان سەبۇرى»دىن ئېلىنغان شېئىرلار ھازىرمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ناخشا بولۇپ ئېيتىلمۇۋېتىپتۇ. «تەرجىبەند» دە مەسخىرە قىلىنغان ئاچكۆز، ئابروي پەرەس، ساختا - ھىيلىگەر ئادەملەر ھازىرمۇ كىشىلەرنى يىرگەندۈرۈپ ھەممىلا يەردە كېزىلىپ يۈرۈپتۇ. بالام، بىز ئاتا - بوۋىلارنىڭ كىتابلىرىدىلا ئەمەس، ئەخلاق ۋەسىيەتلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلدۇق، بالىلىرىم تاماملا بىلىم ئەھلى، بىزنىڭ بۇ قەشقەردە «كىتابى غەرب» دە مۇنازىرە قىلىشقان ئوتتۇز ئىككى خىل ھۈنەرۋەن ھازىر كۆپىيىپ نەچچە يۈزگە يەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنازىرە، تالاش - تارتىشى ئەزىزانە قەشقەردە تېخى ئۈزۈن يىل داۋام قىلىدۇ. «مەھزۇن نولۇۋائىزىن» دا ئېيتىلغان ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى چاقىرىقلارنىڭ مىڭلىغان ھىمايىچىلىرى ھازىرمۇ مۇتەئەسسىپ، جاھىل - نادان مولائىشانلار بىلەن ئېلىشماقتا. قەشقەر مىڭ يىللاردىن بېرى نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، بۇ كوچىلاردا بىردە خەيرى - ساخاۋەت، ئىلىم - مەرىپەت كەۋسەرلىرى ئاقتى؟ بىردە قان، بىردە ھۆرۈن - نادانلىقنىڭ قارا سايىسى كوچىنى بولىندى. بالام، مانا، يەنە ئىككى ئايلانمىدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە يېتىپ بارىمىز... ئوخشاش ئۆيلەر: قوش قاناتلىق ئىشىك، تاق قاناتلىق ئىشىك، كەشتىلىك دەرپەردە، كونا ئەدىيال، ياكى پالاز تارتىلغان ئىشىكلەر سان-ساناقسىز ئۆتتى. بىرۋاي ئاخىرى شۇنداق قوش قاناتلىق ئىشىكلەردىن بىرسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

6

بىرلا قوش قاناتلىق ئىشىك بولغىنى بىلەن بۇ ئۆينىڭ ھويلىسى كەڭ، ھويلىسىدا ھەرپىندە گۈللەر بارئىكەن. ئىشىك تۈۋىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە، ئوتتۇرىدىكى چايخانا ئالدىدىن تېخى ئارقا ھويلا (ئىچكىرىدىكى قورۇ) غا چىقىلىدىكەن. خىش ۋە تاختايدىن ياسالغان ئازادە، پۇختا ئۆيلەرگە ئازاتنىڭ پۇختا ئىگىلىك خوجايىنىغا خاس كۆزلىرى سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

بوۋاينىڭ ئوغلى ياش مېھمانىنى قەشقەر ساھىبخانلىرىدىلا بولىدىغان ئىللىق چىراي، سىلىق سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. داستىخان سېلىنىشتىن بۇرۇن ئازات ئۇلارنىڭ كىتابخانىسىنى كۆرمەكچى بولدى.

ئارقا ھويلىدىكى بىر چوڭ ئۆي چىرايلىق جاھازلانغان. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ كىتابلىرى بۇ جاھازلاردىن ئۆز ھۆرمىتى بىلەن ئورۇن ئالغان. قەدىمكى، ھازىرقى زامان كىتابلىرى يېزىق، مىللەت، دۆلەت خىللىرى بويىچە تىزىلىپ كاتولىكلاش-

تۇرۇلغان. بىر قارىماققا ياۋروپا زىيالىيلىرىنىڭ كىتابخانىلىرىنى ياكى شەرق ئىلىم ئەھلىنىڭ مەخسۇس خانىلىرىنى ئەسلىتەتتى، يان بۇ تورۇسقا تاقالغان كىتاب جاھازلىرى ئىچىدە كونا - يېڭى، چوڭ - كىچىك ھەر خىل مۇقاۋىلىق، مۇقاۋىلانمىغان كىتابلار شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، ئازات بۇداپىشتىكى ئەلى سارى ئىسمىلىك تىرىك ئاغىنىسىنىڭ ياكى جىددا شەھرىنىڭ قىزىل دېڭىز ياقىسىدا داچىسى بار ئابدۇل ئەزىز ئىسمىلىك ئەرەبلەشكەن ئۇيغۇر ئاغىنىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئازاتنى ھەيران قالدۇرغان كىتابخانىلىرىمۇ مۇنۇ قەشقەرلىك بوۋاينىڭ خانىسىدىن ئۈستۈن ئەمەس ئىدى.

ئازات ھاياجان، خۇشاللىق ۋە غۇرۇر ئىلكىدە جىددىيلىشىپ كىتابلارنى ۋاراقلاشقا باشلىدى...

ئۇ كىتابلار بىلەن بولۇپ ھەممىنى — قەشقەر كوچىلىرىدا نېمە مەقسەت بىلەن كىرگەنلىكىنى، غىل - پال كۆرۈنۈپ ۋۇجۇدىدا گۈلخان پەيدا قىلغان ھېلىقى دىلبەرنى — ھەممىسىنى ئۇنتۇدى.

— ھاجىم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېگەن قىزغىن سالامۇ، ئۆي ئىگىسىنىڭ داستىخانغا تەكلىپ قىلغان قىزغىن ئاۋازىمۇ ئۇنى سەگىتەلمىدى. ئاخىرى بوۋاي ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا ئالقىنىنى قويدى:

— شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» سى سىزنى قىزىقتۇرسا بالام سىزگە بىر نۇسخا بېرەي، سىزدەك مېھمانلارنى رازى قىلاي دەپ ياخشى كىتابلاردىن بەش - ئون نۇسخىدىن ھازىرلىتىپ قويغانمەن بالام، — دېدىدە، ئازاتنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە ياندۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجىم، قاچان كەلدىلە؟ — بۇ قىزغىن ئادەم ئازاتقا تونۇش، بۇ ئادەم بىلەن چەت ئەللەردە سودا ئىشى بىلەن نۇرغۇن بىللە بولغان. راۋالپىندىدىكى زافاۋۇل خاگروئاد كوچىسىغا جايلاشقان قەشقەر خوئۇسىنىڭ (مېھمانخانىسىنىڭ) ئىككىنچى قەۋىتىدە چەتئەل ۋىزىسى بىلەن تىزكىمىگە كىرىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ ئىككى ئاي بىر ياتاقتا ياتقان. بۇ ئادەم لەگەن ئېتىشكە ئۇستا. لېكىن بۇ ئەھلى سودىگەر باشقا ماۋزۇدا گەپ قىلىشىنىمۇ، چاقچاق، كۆڭۈل ئېچىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئادەم بىلەن قىسقا، نەق گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن:

— ھەرقايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت، مېھمان بولىمەن، ئەمما لېكىن كېيىنىرەك، بۈگۈن ھاجىمنىڭ كەلگىنىنى، مۇشۇ ياققا ماڭغىنىنى بىلىپ دەمبەسقەدەم بولۇپ يېتىپ كەلدىم. كېيىمنى دەيمەن - دە، ھاجىم يا بېشىنى لىڭشىتىدۇ، يا چايقايدۇ، شۇنى بىلىپلا يانىمەن.

— ھاجىم، ئۈچ مىڭ توپ چېكەن بېسىلىپ ياتامدۇ تېخى؟

— نەدە؟

— ئۇنى سورىسىلا، جاۋاب بەرسىلە بولدى.

— ھەئە.

— دۈك پېتى ئۆتكۈزەملا ھاجىم؟

— باھاسىغا يەتسىلا ياق دېمەيمەن ھاجىم.

— چوڭ گۈللۈك چېكەنىنىڭ بىر توپى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەتتە يۈز كويدىن، تۆتەك چېكەن بەش
يۈز كويدىن، لوڭقا چېكەن تۆت يۈز
كويدىن، چېچەك چېكەنمۇ تۆت يۈز
كويدىن بولسۇن مەيلى. ئۈچ مىڭ
توپنىڭ ھەممىسىنى ئالاي.

— دېگەن باھالىرىغا ئون بەش
كويدىن قوشىسىلا ھاجىم.

— يا ئاللا، دەۋاتقان گەپلىرىنى،
بىزمۇ ئارانلا بىر توپتىن بەش كوي-
چەن تېپىپ يېيەلەيمىز ھاجىم.

— نېمە دېدىلە. ماڭا بىر قارىسىلا؟
سىلى دېگەن باھادا توپ ساتسىلا
ئون-ئون بەش كويدىن، پارچىلاپ
ساتسىلا يىگىرمە كويدىن پايدا ئالىلا
ھاجىم. ماقۇل، ھەر توپتىن دېگەنلى-
رىدەك بەش كويدىن تېپىپ يېسىلە،
شۇنداقتىمۇ بايىقى باھاغا ئون ئىككى
كويدىن قاتسىلا ھاجىم.

— ھاجىم، يا ئاللا، نېمە دېيىشەر-
مىز، ماقۇل، يەنە بەش كوي قاتاي.

— ماقۇل، ئون بىر كوي قاتسىلا
ھاجىم!

— ھاجىم، ئەكەلسىلە قوللىرىنى، بەش
يېرىم...

— ياق ھاجىم، ئون يېرىم...

— ئەمدىغۇ ماقۇل دەرلا ھاجىم،
ئالتە كوي قاتاي.

— بوپتۇ ئەمسە، ئون يېرىم كوي
قاتسىلا...

— ھاجىم، بىزمۇ نان تېپىپ يەيلى
دەيمەن، ۋايىيەي...

— ئالتە كوي ئىككى مودىن قوشاي...

— چىقىشالمىغۇدەكمىز ھاجىم، ئون
كوي قوشمىسىڭىز سودا قىلىشالمايمىز...

— ئالتە يېرىم...

— توققۇز كويغا ماقۇل...

— يەتتىگە قانداق؟

— ياق.

— يەتتە كوي ئىككى مو...

— ياق.

— يەتتە كوي ئۈچ موچۇ؟

— قويسىلا ھاجىم...

ئۇلارنىڭ ئارىلىقى قىسقىراپ بىر
كويچەن قالدى. ئەمدى ئۇلار بىر مو-
چەندىن تالاشقىلى تۇردى.

بۇ چاغدا ئازات ھەممىنى ئۇنتۇغان:
تۇغقان، قىز، بوۋاي، كىتابلار ئور-
نىنى موچەنلەر ئىگىلىگەن، موچەننى
تالىشىش ئۇنىڭ بېخىللىقى ئەمەس،
ماھىيىتى، خاراكتېرى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ چوڭ باي، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رېئاللىق
بىلەن خىيالىنىڭ پۇقراسى. يەنە ئۇ شۇنىڭ
ئۈچۈن دەۋر قابىلىيەتلىرىنىڭ قاتارىدا.

سودىگەرلەرنىڭ مىلجىڭلىقى سەبۇ-
رىنىڭ تاقەت قاچىسىنى چاقتى:

— بالىلىرىم، — دېدى بوۋاي ئاخىرى
ھاجىلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — غىزا
مۇزلاپ قالدى. ئاۋۋال تائام، ئاندىن
كالام. كالام چېكەندىن ئۇلۇغ بولسا
كېرەك سودىگەرلىرىم!

ئازات بىلەن بوۋاي قاقاقلىشىپ
كۈلۈشتى. سودىگەر يىگىت كۈلۈمسە-
رەپلا قويدى-دە، قاپىقىنى تۈردى.
ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن پايدىغا
ئېرىشەلمىگەندى.

7

ئەشىمكا كوچىسى، زەگەلى كوچىسى، گو-
داڭ باغ، جانان، ئەنجان، تاغارچى، موپاڭ
كوچىلىرىغىمۇ ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشتى.
ئوخشاش ئىشىكلەر، ئوخشاش ئەگمە،
ئوخشاش بالىخانا؛ چوڭ كوچا، خالتا
كوچا، تۈز ۋە ئەگرى-بوگرى كوچىلار

ئۆترۈۋەردى. بۇ كوچىلار ئادەم ئۆۋۈدىسى، بۇ ئۆۋۈدىدا ھەممىلا نېمە ـ بەخت، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت، خۇشاللىق، ناخشا ـ ھېسسىياتمۇ بار. ھەدىيە ـ نەيرەك، قۇۋۇلۇق ـ قەبىھلىك، غەم ـ قايغۇ، كۆز يېشى، ھازىرمۇ بار. سەبۇرى بوۋاينىڭ سۆزى توغرا: زىيائىنىڭ «مەھزۇنولۇۋائەزىن» (مۇڭلۇق سۆزلەر) ناملىق كىتابىدىكى ئالغار تەشەببۇسلار يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشاۋاتقان مۇردىتلىرى بىلەن بۇ كوچىلاردا راۋاج تاپماقتا. ئۇلار ئۆز كىشەندىلىرى بىلەن ھازىرمۇ ئېلىشماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە سەبۇرىنىڭ «تەرجىبەند» ناملىق ئەسىردە بۇنىدىن بىر يۈز نەچچە يىل بۇرۇن مەسخىرە قىلىنغان ئادەملەر ھازىرمۇ تىرىك ياشىماقتا. غەربنىڭ «كىتابى غەرب» ناملىق ئەسىردە مۇنازىرىلەشكەن ئوتتۇز ئىككى خىل ھونەرۋەننىڭ مىراسخورلىرى ھېلىھەم مۇنازىرىلەشمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر كوچىلىرى زادىلا جىم ئەمەس. بۇ كوچىلاردا ئېرىق ـ ئۆستەڭ شىلدىرلىرى، شار ـ شۇرلىرى يوق. ياپراقلارنىڭ پىچىرلاشلىرى بىلەن بۇلۇتقا قول سوزىدىغان ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇشقىتىش، ھۇۋۇلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. بۇ يەردە نەچچە يۈز يىللاپ ياشىغان خەلقلەر بۇ كوچىلارنىڭ شان ـ شەرىپى سۈپىتىدە نۇرغۇن قانۇنلارنى ياراتقان. بۇ قانۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» كە كىرگۈزۈلگەن. «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» تە ئىزاھلانغان. مانا بۇلار قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بايلىقى سۈپىتىدە ھەر بىر ئۆيدە، ھەر بىر قەلبتە ساقلانماقتا. جىم تۇرۇپ سالقىن قانلىق بىلەن قەشقەر كوچىلىرىنى ئارىلىغان ئادەم ھەر قەلب، ھەر ھوپلىدىن بىر خىل سادا ئاڭلايدۇ. بۇ سادا نە دەرەخ، نە سۇ، نە تەبىئەتنىڭ باشقا جانلىق، جانسىزلىرىدا يوق. بۇ سادادىن شۇنداق بىر نەسىھەت ئاڭلىنىدۇ: ئۆز پايدائىنى دەپ خەلقىڭنى ئۇنتۇما، ئېلىشىشلا بىلىپ بېرىشنى ئۇنتۇما. جىقراق بېرىپ ئازراق ئال!...

ئازات نۇرغۇن ماڭدى، سوردى، لېكىن ئۇ بۇۋى ھەسەلخان، قۇناخۇن زەڭگا ئىسمىلىك تۇغقانلىرىنى زادىلا تاپالمىدى. ئۇنىڭ خىيالى بىردە ھېلىقى گۈزەل قىزغا، بىردە ھېلىقى سەبۇرى كىتابخانىسىدىكى كۆچەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆچمەس تامغا بولۇپ بېسىلغان، تاتلىق چۈشتەك چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئۇ ئۈچرىشىش، تەسىراتلار ئۇنىڭ بىر تەلۋە ھەۋەسكارنىڭ خاتىرىسىدەك ھەممىلا نېمە يېزىلغان ھايات دەپتىرىدە خۇددى «بابۇرنامە» دەك ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر بەت بولۇپ قالغۇسى. ئۇ بۇ ئالتۇن بەتكە تېخى جىق نەرسىلەرنى يازىدۇ. ھېلىقى گۈلخان بالىسىغا تارتىپ كىرگەن پالاز پەردە تارتىلغان ھويلىنى، ئاجايىپ كىتابلىرى، سۆزلىرى بىلەن ئازاتنى مەھلىيا قىلغان سەبۇرى ئەۋلادىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. لېكىن ھازىر ئەمەس. ئۇ ھازىر سودىگەر ھاجىم بىلەن ۋەدىلەشكەن سارايغا بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلى، ئىختىيارى نېمىنى خالىسا مەيلى، لېكىن ئاياغلىرى سارايغا توغرىلانغان. ئۇ يەردە رېئال

www.uyghurkitap.com


ھايات ـ سودا بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر ھەممىنى: گۈلخان، بوۋاي، تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇشى كېرەك. رېئاللىق ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئارزۇ، خىيال، ھەۋەس دېگەنلەر ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن ئۈستۈن ئەمەس، رېئاللىق بىر ئېقىن دەريا، ئارزۇ خىيال، ھەۋەس بولسا دەريا دولقۇنىدىن پەيدا بولىدىغان كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ ھامان يوقىلىپ ـ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. رېئال ھايات، تىنىمسىز دەريا ھەممىنى يىمىرىپ ئۆز قېنىدا داۋالغۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن رېئال ھاياتتىنىمسىز دەريادىكى ئازات غالىب، كۆزچاۋك، خىيال ـ ئارزۇ كۆپۈك ئەچمەدىكى ئازات ئاجىز، مىسكىن ـ بىچارە.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق غالىب، مۇتلەق ئاجىز ئادەم يوق. دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قۇدرەت ئىگىلىرى ـ مۇ بەزىدە بىچارە بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، غەم تاغلىرى ئاستىدا ياتقان بىچارىلەرمۇ بەزىدە ئۆزىنى غالىب ھېسابلايدۇ ...

ئازات سارايغا بارغۇچە يۈگۈرى ـ قىلارنى ئويلىدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ كىزچاۋك قەدەملىرى بىر بىچارە يۈرىكىنى ئېلىپ كېتىپ باردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىچارىدىكى، بۈگۈن زەپەردەست بولۇش ئۈچۈن ئەتىنى ئۇنتۇشى كېرەك. شۇنداق قىلمىسا ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئازات بولالمايدۇ ـ دە!

ئەسكەرتىش: ئەدەبىي ئەنئەنىمىزگە ئاساسەن مەن ئۆزۈمگە سەبرى (سابىر ـ سەۋر سۆزى ـ نىڭ ئۆزگىرىشى، سەۋرى ـ تاقەتلىك دېگەن سۆز) دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشنى لايىق كۆردۈم ۋە بۇ ھېكايەدە ١٩٩١ ـ يىلىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم ئىشلەتتىم.

زوردۇن سابىر

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

دانالارنىڭ ئىشى ئەقىل بىلەن، پەمسىزرەك كىشىلەرنىڭكى تەجرىبە بىلەن، تولۇق نادانلارنىڭكى ھاجەت بىلەن، ھايۋانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى تەبىئىي ئاڭسىزلىق بىلەن بولىدۇ.

تسېتسېرون

تىلنىڭ ئەقىلنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا يول قويما.

خىلور

# باھاردەك ئىللىق

قاھار جىلىل

(ھېكايە)

كىچىك بازاردىكى ئاشخانىدىن چىقىپلا ماشىنىنىڭ يېنىدا بوپا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. «ھوي، ئانامغۇ-نېمە؟» دېگەن خىيال مېڭەمدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، قارا كەمزۇر چاپىنى، كۆللۈك داكا لېچەكى كۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىسسىق كۆرۈندىكى ئىختىيارسىز ھالدا «ئانا!» دەپ توۋلاش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئاچتىم. بىراق بۇ پەيت ئايال مەن تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، ئاۋازىم «ئا...» دىن كېيىن ئۈزۈلدى.

ئەمەسكەن، بوي-تۇرقى، كىيىنىشلىرى، ھەتتا ياش قۇرامى شۇنچىلىك ئوخشايدىكەنۇ بىراق باشقا ئايال ئىكەن. لەسىدە بولۇپ قالدىم.

ئاتا-ئانام سەھرادا تۇرىدۇ. مەن ئۈچ ئايدىن بىرى ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىدىم. بۇ ئارىدا ئانام ئىككى قېتىم دادام بىلەن بىللە ۋە بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، بىراق مەن ھەر قېتىم سەپەردە بولۇپ قېلىپ كۆرۈشەلمىدۇق.

— قىزىم، ئاتا-ئانا دېگەن چىدىمايدىكەن، — دەپتۇ ئانام ئايالىمغا كۆز يېشى قىلىپ، — سادىرغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىزنى ئۇنداق ئىنتىزار قىلماي، ئايدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ قارىسىنى كۆرسەتسۇن.

ئاخشام ئايالىمدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كەتكەن، «ئەتە ئەتىگەن ھەر قانداق ئىش بولسا تاشلاپ يېزىغا بارىمەن» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدىمۇ بەرگەن. بىراق كەچكى تاماقتىن كېيىن كالون باشلىقى ئۆيۈمگە كىرىپ بۈگۈنكى مۇشۇ بىر كۈنلۈك سەپەرگە چىقىشىمنى ئۆتۈنگەندى. ئاڭلىسام بۇ يۈكنى بىر سائەتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىكەن. ئامالسىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ ئەتىگەن بۇياقتا يول ئالغان، ئەمما خۇددى ئېسىل بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان بولغانىدى. يا ھېيت-ئايەملەردە ئۆيدە بولالمايدىغان، يا ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا دىدارلىشىپ تۇرالمايدىغان مۇشۇنداق بىر كەسىپنى تاللاپ قالغانلىقىمىغا بەكمۇ ئۆكۈنگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن-تاڭ، ئاۋۇ ئايال كۆزۈمگە ئانامغا ئوخشاپ كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.

— غوجام بالام، ئۆزلىرى... — دەپ گەپ باشلىدى ئايال مەن ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋە مېنىڭ قايەرگە بارىدىغانلىقىمنى سوراپ بىلىۋالغاندىن

كېيىن ئۆزىنى ئېلىۋېلىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. — ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيتتىمەن، كىراسىغا قانچىلىك دېسىلە تۆلىسەم.

ماشىنا ھەيدەۋاتقان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان يولدا ئۇچرىغان قېرى-چۈرە، غېرىب-مىسكىن، يېتىم-يېسىرلارنى ھەممىشە ماشىنىغا ئېلىۋالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايال بايا ئانامغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا دەرھال ماقۇل بولدۇم. ھەتتا كابىنكا ئىشىكىنى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىشىغا ياردەملەشتىم. كىرا ھەققى ئۈچۈن ئۇزاتقان پۇلىنى ئالمىدىم.

ئايال تەخمىنەن 60 ياشلار ئەتراپىدا بار ئىدى. چىرايىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار، يۈز تېرىسىدىكى قۇرغاقلىق، ئالقىنىدىكى قاداقلار ئۇنىڭ جاپاكەش يېزا ئاياللىرىدىن ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭ، دەرد-ئەلەم ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— سىلە شۇ يەرلىكمۇ؟ — جىمجىت ئولتۇرۇش بىئەپ ئىدى. شۇڭا ماشىنىنى خوتقا سېلىۋالغاندىن كېيىن بىز كېتىۋاتقان يۇرتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— يوقسۇ غوجام بالام، مەن ئۇ يەرگە ئوغلۇمنى يوقلاپ ماڭدىم.

يۈرىكىم شۈررىدە قىلىپ كەتتى. ئاھ ئانىلار، سېغىنىش، يوقلاش، ئىزدەش — پەقەت سىلەرنىڭلا پېشانەڭلارگە پۈتۈلگەن ئىشمىدۇ؟

— ئوغۇللىرى ئۇ يەردە خىزمەت قىلامدۇ؟

— يوقسۇ.

ئايالنىڭ بىرلا سۆزىدىن ئىبارەت بۇ جاۋابنى بېرىۋاتقاندا ئاۋازىنىڭ غەلىتە تىترەپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم، سوئاللىرىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش بىئەپ بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ساپتىمەن.

يۈرىكىمدە يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا بولدى. ئايالنىڭ ئورۇق-ياغاق مەڭزىدىن مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش پەسكە دومىلاپ چۈشۈۋاتاتتى، كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— نېمە، ئوغۇللىرى ئۇ يەردە بىرەر... — نېمىشقىدۇ كېيىنكى ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىم.

ئايال لېچەككىنىڭ ئۇچىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، تازا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدى.

— ئوغلۇم شۇ يەردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا.

بۇ جاۋاب مېنى يەنە ناقولاي ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئايالغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا پات-پات قاراپ قويىمەن. ئۇ تېخىچە ئېسەدەۋاتىدۇ. مۇۋاپىق بىر گەپ بىلەن تەسەللىي بېرىشىم كېرەك، نېمە دېسەم بولار؟

— بولمىغۇر سوئاللارنى كولاشتۇرۇپ كۆڭۈللىرىگە ئازار بېرىپ قويۇپتىمەن، ئەپۇ قىلسىلا، — دېدىم ئاخىرى بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق گەپ تاپالماي.

— ياق، غوجام بالام، سىلىنىڭ سوئاللىرى ئۈچۈن يىغلىمىدىم. ئۆزلىرى بەك ئوبدان كىشى ئىكەنلا. ئوغلۇمنى ئۆزلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆڭلۈم بۇزۇل-

دى. ئۇ يەردە قانداق كونلەرنى كۆ-
رۈۋاتىدىكەن؟ خۇدايىم نېمىشقا ئۆز
بەندىلىرىگە ئوخشاش تەقدىر - قىسمەت
ئاتا قىلمىغاندۇ؟

قارىغاندا ئايال ئەمدى ئۆزىنى بىر
ئاز تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا تۇنجى
قېتىم بىر نەچچە جۈملە سۆز قىلدى.
ھەتتا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كىشىنى خې-
لى ئويلاندۇرىدىغان سوئال بىلەن تۈ-
گەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟— دېدىم مەن ئۇ-
نىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ،—
تەقدىر دېگەن شۇنداق بولسا كېرەك،
ھەممە ئادەم پېشانىسىگە يېزىلغاننى
كۆرىدىكەن. سەۋر قىلسىلا، ئوغۇللى-
رى پات ئارىدا يېنىپ كېلەر.

ئايال ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

— ئۇنىڭغا 10 يىل كېسىلگەن. تېخى
ئەمدى بىر يىل توشاي دېدى.

ئەمدى باشقا گەپ تاپالمىدىم. ئارى-
نى ئېغىر سۈكۈنات ئىگىلىدى، پەقەت
ماتورنىڭ بىر خىلدا گۈرۈلدىشىلا جىمى-
لىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا
كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام، ئايال
قولىدىكى قانداقتۇر بىر سۈرەتكە قا-
راپ تۇرۇپتۇ. كۆزلىرىدە چوڭقۇر سې-
غىنىش، چەكسىز ئىنتىزارلىق.

ئاللىقانداق قىزىقىش يەنە ئاغ-
زىمنى تاتىلىدى.

— ئوغۇللىرىنىڭ سۈرىتىمۇ؟

— ھەئە،— ئايال سۈرەتنى ماڭا يېقىن-
لاشتۇردى. بوينۇمنى سوزۇپ قارىدىم.
قارىدىمۇ، شۇ زامان كۆزلىرىم چەك-
چىيىپ كەتتى. «شۇ، دەل شۇنىڭ ئۆ-
زى!» دېدىم كۆڭلۈمدە ئارقىدىنلا بۇل-
تۇر مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن بىر

ئىش خىيالىمدا قايتا جانلاندى:

ئۇ كۈنى «س» ناھىيىسىنىڭ جىگ-
دىلىك يېزىسىدىن پاختا بېسىپ قايت-
قاندىم. جىگدىلىك بىلەن ناھىيە
مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىق 50 نەچ-
چە كىلومېتىر كېلەتتى. يول بەك نا-
چار بولغاچقا ئىككىنچى، ئۈچىنچى
خوتلاردىلا مېڭىشقا بولاتتى. مۇساپە
يېرىملاشقاندا كۈگۈم چۈشتى. چىراغنى
يورۇتۇپ سۈرئەتنى تېخىمۇ ئاستىلات-
تىم. بىر چاغدا يول بويىدا ئولتۇر-
غان بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇ
سول قولى بىلەن سول پۇتىنىڭ تو-
شۇقىنى تۇتقان پېتى ماشىنىغا قاراپ
ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
بىرەر پېشكەللىككە يولۇققانلىقىنى
قىياس قىلدىم - دە، ماشىنىنى توختى-
تىپ، پەسكە چۈشتۈم. ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇشقا تەمشەلدى - يۇ، لېكىن «ۋاي!»
دېگىنىچە يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ يۆلىدىم. ئۇ 23 - 24 ياش-
لار ئەتراپىدىكى يىگىت ئىكەن.

— پۇتىڭىز...

— بايا يىقىلىپ كەتتىم،— كېيىمىنى
بۆلۈۋەتتى ئۇ،— ئوشۇقتىن چىقىپ كەت-
تىمىكىن. يامان بەك ئاغرىۋاتىدۇ.

— قاياققا مېڭىۋېدىڭىز؟

— ناھىيىگە.

خۇداغا شۈكرى، ئارقامغا يانماي-
دىغان بوپتىمەن. يىگىتنى يۆلەپ مىڭ
تەستە كابىنكىغا چىقاردىم. يەنە
يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەمراھىم
پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى،
پەس ئاۋازدا ئىڭراپ قوياتتى.

— سەل چىداڭ، ناھىيىگە بىر دەمدىلا
يېتىپ بارىمىز. ئاۋۋال سىزنى

دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن، — دەپ تەسەللى بەردىم.

— رەھمەت ئۇستام، — ئۇ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئاندىن ئۇنى ئارامىدا قويياي دەپ گەپكە تۇتمىدىم، جىمجىت ماڭدۇق. ئاخىرى ئاھمىيە بازىرىنىڭ چىراغلىرى كۆرۈندى. بۇنىڭ نېرىسىغا يولمۇ ياخشى ئىدى. شۇڭا سۈرئەتنى تېزلەتتىم. ئاھمىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىشكە ئىككى كىلومېتىردەك يول قالغاندا بىردىنلا قولىقىمغا:

— ماشىنىنى توختات! — دېگەن قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەن ئالدىمىدىكى يول بىلەن بولۇپ قېلىپ ھەمراھىمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىدىم. ھەمراھىم سەت ھىجايغان ھالدا ماڭا پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. ۋۇجۇدۇم «جىغ» قىلىپ قالدى.

— ماشىنىنى توختات دەيمەن! — ئۇ قاتتىق ئاۋازدا بايىقى بۇيرۇقنى تەكرارلىدى.

دەرھال تورمۇز قىلدىم، ماشىنا توختىدى.

— قېنى، يانچۇقىڭدىكى پۇللارنى چىقار، تېز بول! — ئۇچىنچى بۇيرۇقنى جاكارلىدى ھەمراھىم.

بۇ چاغدا ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇتىۋالدىم. ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكى ۋە مېنى قانداق قاپقانغا چۈشۈرگەنلىكى ئەمدى ئايان بولغانىدى.

— ياخشىلىققا يامانلىقمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ.

ئۇ باشتا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە، يەنە بىردىنلا ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ ۋارقىرىدى:

— قۇرۇق گېپىڭنى قىلماي پۇلنى چىقار، بولمىسا...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، نېمە دېمەكچىلىكىنى چۈشەندىم. ئاۋادا تۇرۇۋاتقان يېرىمىز ئوچۇقچىلىق بولمىغىنىدا، ئۇنداق سىرىمىنى ئالدىدا تىزلىنىپ گۇناھىمنى تىلەشكە مەجبۇر قىلمىغان بولاتتىم. بىراق ھازىر تار كابىنكىدا ھەرىكەت قىلىش قولايسىز. سەللا مىدىرلىسام، ئۇ پىچاق سېلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا ئىچىمدە «خەير!» دېدىم-دە، يانچۇقۇمدىن بارى-يوق پۇللىرىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

— ئاران شۇلىمۇ؟ — دېدى ئۇ 30 نەچچە كوي پۇلغا يارىتمىغاندەك قاراپ قويۇپ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇنى ئېلىپ يانچۇقىغا پۈرلاپ تىقتى.

— قىسقا يول ماڭغاچقا، يېنىمغا كۆپ پۇل سالمىغان.

— ھىم... قېنى، ھېلى كۆرىمىزغۇ. قولۇڭدىكى سائەتنى يەش!

بۇ گەپتىن ھېلى يانچۇقۇمنى ئۆزى ئاختۇرسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ كۈتكەن يېرىمدىن چىقاتتى: بىر قولى بولسىمۇ يانچۇق ئاختۇرۇش بىلەن بەنت بولسا، ئۇنىڭغا ئوڭايلا قايتارما زەربە بەرگىلى بولاتتى. مەن شۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەن ھالدا سائەتنى يېشىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ سائەتنىمۇ دەرھال يانچۇقىغا سالدى.

ئەمدى ھەل قىلغۇچ پەيت كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— خەير، بوپتۇ، ماشىناڭدا ئەكېلىپ

قويغۇنۇڭ ئۈچۈن يانچۇقىڭدىكىنى ئۆزۈڭگە قالدۇراي، — دېدى ئۇ بىردىنلا ھەسـ رەتلىك ھىجىيىپ، — ئەمما شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۈگۈنكى بۇ ئۈچـ رىشىشنى ۋە مەندەك بىر يولۇچىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەت! ئۇنداق قىلـ ماي ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە سۆزلەپ يۈرسەڭ، مۇنۇ پىچاق يۈز - خاتىر دېگەننى بىلمەيدۇ، ئۇقتۇڭمۇ!؟

ئەزەلدىن قېنىم قىزىقراق ئىدى، بىراق ئىشتا خورلۇق ھېس قىلسام، زادى چىداپ تۇرالمايتتىم. شۇ سەۋە بلىك قورالىق قىسىمدا تۇرغان چېغىمدا ھەممىدىن كۆپرەك تەنبىھ ئالغانىمەن. لېكىن قىسىم ماڭا نۇرغۇن خىسلەتلەر بىلەن بىللە يەنە جەددىي پەيتلەردە ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشۇم لازىملىقىنىمۇ ئۆگەتكەن ئىدى. شۇڭا پىچاقنى قانسىراپ تۇرغان بۇ تەلۋە نىڭ مۇئامىلىسى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چىشىمنى چىشىمغا بىسىپ چىدىدىم. مەن ئۇنى ياشانغانغا قارىماي خىيالى تەجرىبىلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، بىراق ئەھۋال ئۇنـ داق بولماي چىقتى. ئۇ كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، ئاۋال باش تە رىپىنى سىرتقا چىقاردى. مانا بۇ دەل مەن كۈتكەن پۇرسەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىگە قاتـ تىق تەپتىم. بولاڭچى يەرگە بېشىچە يىقىلدى. ئۇ ئەس - ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە يېنىغا سەكرەپ چۈشۈپ قوللىرىنى قاتتىق قايرىدىم. پىچىقى بايا يىقىلـ غاندىلا قولىدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ يەنىلا بوشىنىش ئۈچۈن تىركىشىپ باقتى. يەرگە ئىككىنى ئىرستۇرۇپ، تىزىم بىلەن بېلىدىن قاتتىق باستىم.

— بولدى، توۋا قىلدىم ئۇستام، رەھىم قىلسىڭلا، — دېدى ئۇ ئاخىرى يىغلاپ چىقىپ.

يول توسۇپ بولاڭچىلىق قىـ لىشقىچە يەتكەنىكەن، ئۇنى بىر قېتىم ئەدەپلەپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا بەلبېغىنى چىقىرىپ قوللىرىنى كەينىگە باغلىدىم. ئاندىن سۆرەشتۈرۈپ كابىنكىغا چىقار دىم - دە، يەنە يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئەسلىدە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغانىدىم، بىراق ئاقىۋەت ساقچى ئىدارىسىگە قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاسىنى تارتىشقا تاپشۇردۇم...

خىتىلدىغان ئاۋاز خىيالىمنى بۆلۈ ۋەتتى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئايال تېخىچە ئىسەدەۋىتىپتۇ، قولىدا بولسا ھېلىقى سۈرەت، ياشلىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلگەن.

مەن ئەمدى نېمىشقىدۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمەيدىغان لىقىمنى، ھەتتا بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

بۇ نېمە ئىشتۇ ئەمدى؟

— ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغانىمغا ياقى كىيگىنىم كېيىن، يىگىنىم زەھەر بولدى، — ئايال ئۆشتۈمتۈت سۆز باشـ لاپ قالدى، — كىشىلەر ئۇنى ئوغرىكەن، بولاڭچىكەن دېيىشتى. بۇ گەپكە پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمـ نىڭ سۈتى بىلەن، ھالال ئاش - نان بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرسام. ئاڭلىشىمچە، ئۇنى ئۆزلىرىدەك بىر شوپۇر ئۇستام تۇتۇپ بەرگەنمىش...

خۇددى قىش كۈنى بىر كىم ياقامدىن بىر چاڭگال مۇز پارچىلىرىنى سېلىۋەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم. ياھەزرەت، بۇ ئايال بالىسىنى مېنىڭ تۇتۇپ بەرگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... ھەي، كىشىنى نېمىدېگەن تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ئۇچرىشىش بۇ!؟

كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم. ياق، ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرىدىن ماڭا قارىتا زەررىچىلىكمۇ رەنجىش ياكى نەپرەتلىنىش ئالامىتىنى بايقىمىدىم.

— شوپۇر ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى ماشىنىسىغا ئېلىۋاپتىكەن، ئۇ قوپۇپ ياخشىلىققا يامانلىق دېگەندەك شوپۇرنى بۇلىماقچى بوپتۇ دېيىشتى. بۇ گەپكىمۇ ئىشەنگۈم يوق. ئەمما ئەسكى ئىش قىلمىغان بولسا نېمىشقا قولغا ئېلىپ كەتتىكەن. سوتچىلاردىن سوراشتۇرۇۋىدىم، ئۇلار ئەسكى ئىش قىلغىنى راست دېيىشتى. خەقلەر سوتچى ناھەق ئىش قىلمايدۇ دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەرگە قاراپ... ھەي... مېنىڭ بالام شۇنچىلىك قارا يۈز نائەھلىگە ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟... ياق، ياق، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. شۇ شوپۇر بىلەن بىرەر ئىشتا ئاداۋەتلىشىپ قالغانمىدىكىن دەپ گۇمانلىنىمەن...

توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتىم. ئەمدى ياقامدىن مۇز پارچىلىرى قۇيۇلغاندەك ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمگە خەنجەر سانجىلغاندەك بولدى. ئاھ خۇدا، مۇنۇ ئايال نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ئەمدىزە مەن ئاداۋەت تۈپەيلى بىرىۋغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەزىل ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىممۇ؟

مېڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. يۈرىكىم گويا كۆكرەك قەپىزىمنى يېرىۋەتكىدەك كۈچلۈك سوقتى. بۇ ئايالغا قارىتا كۆڭلۈمدە ئويغانغان ھېسداشلىق بىر ياتتىن خىجىلچىلىققا ئالماشقانىدى، ئەمدى ئۇ يەنە غەزەپكە ئورۇن بوشاتقىلى تۇردى. ماشىنىنى غاچچىدە توختىتىپ: «ماشىنىدىن چۈشۈڭ، دۈشمىنىڭىزنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ نېمە قىلىسىز؟» دېمەكچى بولدۇم.

بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئايال پەرۋايى پەلەك ھالدا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتتى:

— شۇ چاغدا ئاشۇ شوپۇر ئۇستام بالامنى ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن بولسا، مەن بالامنىڭ ھەر بىر گۇناھى ئۈچۈن شوپۇرنىڭ پۇتىنى مىڭ قېتىم سۆيگەن بولاتتىم.

ئاھ خۇدا، بۇ گەپنى ئاڭلىماق نېمىدېگەن مۈشكۈل! خۇددى بىر كىم تاپىنىمدىن ماغدۇرۇمنى تارتىۋەتكەندەك لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. كۆز ئالدىم بىر پەس قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. ھېلىقى غەزەپتىن ۋۇجۇدۇمدا زەررىچىلىكمۇ قالمىدى.

ھەي، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن؟ ھېلىقى بۇلاڭچىنى سىياقچىغا تۇتۇپ بېرىپ خاتا قىلدىممۇ يە؟ ياق، ھەرگىز خاتا ئەمەس! ئۇ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنىكەن، ئەلۋەتتە شۇنىڭغا لايىق جازاسىنى تارتىشى لازىم. ئۇنداق بولسا ھېلىقى گەپنى ئاڭلاپ نېمانچە بوشىشىپ كېتىمەن؟

ئويلا-ئويلا ئاخىرى جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم: ئانا قەلبىنىڭ سېھرى كۈچى، ئۇنىڭدىكى پەرزەنتكە ئاتالغان مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىزلىقى

مېنى ئەسىر قىلىپتۇ. بىلىدىمكىن، ئانى-
لارنىڭ كۆڭلى بالا ئۈچۈن ھەمىشە
باھاردەك ئىللىق ئىكەن.

ھەي، بىز پەرزەنتلەر نېمە ئۈچۈن
ئاتا-ئانىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى
تولۇق چۈشەنمەيدىغاندىمىز؟ نېمە
ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنچە ئازابلايدىغاندىمىز؟

ئايال ئاخىرى سۆزلەشتىنمۇ، ئېسە-
دەشتىنمۇ توختىدى. ئوغلىنىڭ سۈرى-
تىنى پاكىز قولياغلىقتا ئوراپ
قويۇپ يانچۇقىدا ساقلىغاندىن كېيىن
تازا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ
كۆزىنى يۇمغان پېتى ئولتۇردى. ئېھ-
تىمال، ئەمدى خىيالىدا ئوغلىنى
كۆرۈشنى ئويلىسا كېرەك.

مەنمۇ بۇ چاغدا كۆزۈمنى بىر ئاز
تۇتىۋالغانىدىم. ھېلىقى بولاكچى بىلەن
مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى بىر قۇر ئويلاپ كۆرۈپ
تامامەن توغرا قىلغانلىقىمنى يەنە بىر
قېتىم جەزملەشتۈردۈم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
يەنە شۇنداق زىيانكەش ئادەملەرگە
دۇچ كەلگۈدەك بولسام، ئۇلارنىمۇ
ئاشۇ بولاكچىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە
دۇچار قىلىش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەن-
مەيمەن. بىراق ئۇلارنىڭ ئانىلىرى
بىلەن بىرگۈنكىدەك تار يولدا ئۇچ-
رىشىپ قالماسلىقىنى خۇدادىن تىلەي-
مەن. ياۋۇز جىنايەتچى ئالدىدا باتۇر-
لۇق قىلالىغىنىم بىلەن ئانىلارنىڭ
مۇڭغا تولغان كۆزلىرىگە قاراشقا
ئەمدى قۇربىم يەتمەيدۇ.

1991-يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى

---

(بېشى 100-بەتتە)

ھەرىكەت، ھايات ھەرىكىتى ۋە تەپەككۇر ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئالتە خىل ھەرى-
كەت قاتلىمى ئىچىدە ئۆزۈپ بارىدۇ. تەڭرى مەركەزلىكىدىكى ئىلاھىيەت دەۋرىنىڭ
ئادەملىرى روھىي جەھەتتىن ساددا، تۈز سىزىق ئۈستىدىكى ئادەملەر بولغىنى
بىلەن، ئىنسان مەركەزلىكىدىكى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئادەملىرى كۆپ قىرلىق،
كۆپ مەنىلىك، سىتېرېئولۇق ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. مودېرنىزم شاگىرتلىرىنىڭ سەن-
ئەت پائالىيىتى يۇقىرى قاتلاملىق روھىي پائالىيەت ئەمەس. بىزنىڭ رېئالىزملىق
سەنئىتىمىز ھەرگىزمۇ ئىنتايىن ئەرزىمەس ھەم ئېچىنىشلىق بولغان شەخسنىڭ
ئۆتكۈنچى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەمەس، بەلكى مىللەت ۋە خەلقنىڭ پىكىرىگە
ئايلانغان، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللىقاچان چۆكمە بولۇپ ئويۇشقان مىللىي
روھىيەتتىكى مۇرەككەپ، ھەممىنىڭ مايىللىقىنى قوزغايدىغان دەۋرىي خاراكتېرى-
لىك ھېس-تۇيغۇ قاتلاملىرىنى سۈرەتلىشى لازىم. قاتلام قۇرۇلمىچىلارنىڭ ئېنىك-
كىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قائىدىسى دەل ئادەمدىكى بۇ
خىل مۇرەككەپلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە لايىقلاشقان.

بىز قاتلاملىق بىلىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتقا مۇۋاپىق ئىلمىي بىلىش مېتو-
دىمىز ئارقىلىق «ئۆزىنىڭ ھېسسىي-شېئىرى شولىسى ئارقىلىق ئىنسانغا تەبەس-
سۇم قىلىۋاتقان ماددا» ماركستىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىگە ھەم تېخىمۇ
يېپيېڭى ھەقىقەتلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.



# بىراق، يوچۇش ئەمەس

## (پوۋېست)



قادىر ئارسلان

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

7

ئاران ئۈچ - تۆت سائەتلا ئۇخلىغىنىمغا قارىماي ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. بەدىنىم سەل ئېغىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، لېكىن كەيپىياتىم ناھايىتى تېتىك ئىدى. ئويغىنىشىملا سائەتكە قارىدىم: ئالتە. بىردىنلا ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. كەچ كىرگىچە يەنە ئون نەچچە سائەت ۋاقىت بار ئىكەن. بۇ نەقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت - ھە!

ئاخشامقى شېرىن چاغلار ئېسىمگە كېلىشى بىلەن، مېنى يەنە شادلىق ئورىۋالدى. مەن يۈزۈمنى يۇيۇۋېتىپمۇ، ئەينەككە قاراۋېتىپمۇ، ھەتتا ناشتا قىلىۋېتىپمۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشتىن ئۆزۈمنى توختىتالمىدىم. دادام بىلەن ئاپام ھەيران بولغاندەك بىر - بىرسىگە قارىشىپ قوياتتى.

— جېنىم بالام، بىسمىللا دەپ چېيىڭنى ئىچمەي غىڭشىپلا قاپسەنغۇ، — دەپ

مۇلايىملىق بىلەن كايىدى ئاپام.

ئىلگىرىكى چاغلار بولغان بولسا، مەن ئاپامنىڭ سۆزىگە تېرىككەن، ئۇنىڭغا ئالايغان بولاتتىم. لېكىن شۇ تاپتا مەن خۇشال ئىدىم. خىيالى-خىيالى كايىشلارمۇ مېنىڭ كەيپىمنى بۇزالمايتتى. مەن تىلىمنى چىقىرىپ قويۇپ كۈلۈۋەتتىم.

دادام بىلەن ئاپامنىڭمۇ كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن بىلىمەن، ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەلەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مېنىڭ خۇشاللىقىمنى ئۇنىڭ بىلەن باغلاۋاتقانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەگەر مەن بارىجانىنىڭ ئىسمىنى چىقارسام قانداق بولار؟ ئۇلار چوقۇم ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇشۇپ قالىدىغۇ دەيمەن. ھازىر بۇ گەپنى قىلىشىنىڭ ۋاقتى ئەمەس. لېكىن ئۇلارغا بىر ئىشنى دېيىشىم كېرەك.

— ئۈرۈمچىدىن تەلەت ئاكامنىڭ بىر تۇغقىنى كەپتىكەن، — دېدىم مەن ئاپامغا قاراپ، — ئاخشام مەۋلان ئۆيىگە چاقىرىۋالدى، بىزمۇ چاقىرىۋالامدۇق يا؟

دادام، ئاپامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— تەلەتجاننىڭ تۇغقىنى كەپتىما؟ — دېدى ئاپام ئالدىراپ، — ئەجەب ئۇقماپتۇق، سەت ئىش بوپتۇ. چاقىرىۋالماي بولامدۇ، شۇنداقمۇ دادىسى؟

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى دادام ئاق ئارىلاشقان ساغۇچ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — ئوبدانراق تەييارلىق قىلىڭلار، ماھىرە بالام، بۈگۈن كەچكىلا ئېيتىپ قوي.

— ياق، بۈگۈن ئەمەس، ئەتىگە! — دەۋەتتىم مەن ۋە شۇ ھامان قىزىرىپ كەتتىم.

— نېمىشقا؟ — تەڭلا سورىدى دادام بىلەن ئاپام ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ.

— باشقا بىرسى چاقىرىپ قويۇپتىكەن، — ئاغزىمدىن بۇ سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم.

— ھە، ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئەتىگە چوقۇم ئېيتىپ قوي، كېتىپ قالمىسۇن يەنە.

— كەتمەيدۇ! — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن. مەن بارىجانىنىڭ: «ئەمدى كېتەلمەيدىغان بولدۇم» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم. مەن ئۇنى ئۆيدىكىلەرگە كۆرسىتىشكە ھەر قانچە ئالدىرىساممۇ، بۇ ئاخشام ئۇنىڭ پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق بولۇشىنى، بۇ جاھاندا ئىككىمىزنىڭلا بولۇشىنى خالايتتىم.

زاھىرە، شۇ چاغدا دادام بىلەن ئاپامدىن سىرنى يوشۇرغىنىم بىلەن ئۇنى ساڭا ئېيتىشقا، سېنى ھەيران قالدۇرۇشقا ئالدىرىغانىدىم. لېكىن مېھمانخانىغا كەلسەم، سەن يوق، ئۇقسام ئاغرىپ قاپسەن. «ماۋۇ ئاداشنىڭ ئەسكىلىكىنى، — دەپ رەنجىدىم ئۆز-ئۆزۈمچە، — مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر خۇشاللىق بىر كۈندە ئاغرىپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان!»

ئۆمرۈمدە ئەڭ ئۇزۇن بىلىنگەن كۈن شۇ كۈن بولسا كېرەك، شۇ كۈنى ماڭا پەقەت ئىش خۇشياقمىدى، ھە دەپ سائەتكە قارايتتىم. نېمىنىدۇر سورىغان بىر مېھماننى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ رەنجىتىپمۇ قويدۇم.

ئۇھ، ئاخىرى ئىشتىن چۈشتۈم.

ئەسلىدە سىنى يوقلاپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ كۈنى بۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئالدىراپ ئۆيگە باردىم، تاماقتىمۇ چالا-بۇلا يېدىم. لېكىن ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ھايال بولدۇم. ئۇ كۆڭلەكنى، بۇ كۆڭلەكنى كىيىپ باقتىم، ھېچقايسىلا يارىمىغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئىككىمىز بىر جۈپ كىيگەن ھېلىقى سېرىق كۆڭلىكىمنى كىيدىم. مەن قايسىبىر كىتابتىن سېرىق رەڭنىڭ بەختنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى ئوقۇغانىدىم. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزەتتىم، بەختكە شۇ قەدەر ئىنتىلەتتىم.

تەييارلىقىم پۈتتى. ئۇچرىشىش ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئالدىرىغىنىمدىن ئاپامغا بىرەر باھانىمۇ ئېيتماي ئىشىككە يۈگۈرۈپتىمەن.

— بالام، يەنە نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ قالدى ئاپام ئاشخانىدىن چىقىپ.

— ئۆزۈڭلار مېھماننى ئەتىگە چاقىرىپ قويدىڭلارغۇ، — دېدىم مەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ.

— ھە، تەنتەنىلىككە بارامسەن؟

بار بالام، بار.

ئاپامنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل خۇشاللىق سېزىلەتتى.

پەلەمپەيدىن يۈگۈرگەندەك چۈشۈپ كەتتىم.

گۇگۇم چۈشكەن چاغ. كوچىدا ئادەملەرمۇ شالاڭ. تايىنلىق كىشىلەر ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور ئالدىدا. باغچىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ماڭا بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. مەن خۇددى يۈگۈرگەندەك تېز كېتىۋاتتىمەن. لېكىن يولۇم ئاۋۇمىغاندەكلا قىلاتتى.

ئاخىرى يېتىپ باردىم. باغچا دەرۋازا ئالدىدا مەن كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ، بىر قولى بىلەن دەرەخكە تايانغىنىچە تۇراتتى. نېمىشقىدۇر قەدىمىم ئاستىلاپ قالدى، يۈزۈمنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. كېچىكى ئىشلار كۆز ئالدىمدىن غىل-پال ئۆتۈپ كەتتى. بولار ماڭا ھەم راستتەك، ھەم چۈشتەك بىلىنەتتى.

— ئاخىر كەلدىڭىز-ھە! — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خىل تەقەززالىق ئالاھىدە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئالدىرىغانلىقىمنى دېمەكچى ئىدىم، لېكىن قىزلىق ھايا بۇنىڭغا يول قويمىدى.

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟ — دېيەلىدىم مەن ئارانلا.

— ياق، ئانچە بەك ئەمەس، — دېدى ئۇ سېھىرلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — بىراق كەلمىسىڭىز، ئۆمرۈم بويى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋېرەتتىم.

بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان سۆز بولسىمۇ، شۇ چاغدا مەن بۇ سۆزگە ئىشەنگەن، بۇ سۆزدىن ھاياجانلانغانىدىم...

بىز باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتۇق. كىرىپ كېتىۋېتىپ خالىمدە ئاپپاي بىلەن باغقا كىرگەن ۋاقتىمنى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئورۇندۇقتا قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز-يىگىتكە تىكىلىپ قالغىنىم ئېسىمگە چۈشتى. مەن ئىچىمدە كۈلدۈم. مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە

قۇلاق سالغىنىمغا خۇش بولدۇم. چۈنكى تەييارلىق قىلىپ ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ قالغان بولسام، بارنىجان بىلەن ئۇچرىشالىغان، بۈگۈنكى بەختكە ئېرىشەلىگەن بولاتتىممۇ؟!

بۇ ئاخشاممۇ مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ئاخشام، لەززەتكە تولغان ئاخشام بولغانىدى. بارنىجان مېنى سۆيۈپ قانمايتتى، قۇچاقلاپ قانمايتتى. — مەنمۇ ھەم... ئۇ ئالىماندىق شېرىن ھېسلارنى ئويغىتىدىغان سۆيۈشنى، ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىۋەتكۈدەك قۇچاقلاشنى بىلەتتى. مەن ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئىشەنگەنىدىمكى، شۇنداق بىلمىگەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ چىرايلىق يىگىتلا بولۇپ قالماي، دىلىنى ئېرىتكۈدەك شېرىن سۆزلەرنى قىلالايدىغان يىگىت ئىدى.

شۇ ئاخشامقى سۆزلەرمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

— بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، ھە، ماھىرە؟

— سىز كېتىمسىز.

— بۇ ۋاقىتلىق. يەنە كېلىمەن، سىزنى ئالغىلى كېلىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

— راستمۇ؟

— يۈرىكىمنى يېرىپ بېرەيمۇ؟

— مەن بىر كۈتكۈچى.

— سەن كادىر دېمەكچىمۇ؟ مۇھەببەت دېگەن كەسىپ ئايرىمايدۇ. ئەگەر سىزلا بولسىڭىز، دېھقانمۇ، ھەتتا تىلەمچىمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، مەن يەنىلا ھازىرقىدەك سۆيىمەن. ئەگەر مەن شۇنداق بولسامچۇ، سىز قانداق قىلىسىز؟

— مەنمۇ ھەم! — مەن ھاياجانلاندىم، ئۇنىڭ باغرىغا يۈزۈمنى يېقىپ يىغلىۋەتتىم.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟

— مەن بەختلىكمەن، بارنىجان.

— مەن سىزدىنمۇ بەختلىكمەن. مەن شۇ چاغقىچە بىرەر كىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، بىرەر كىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانمەن. مەن قاچاندۇر بىر كۈنى بىرسىنى تۇيۇقسىز ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىمغا، مەڭگۈلۈك ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. شۇ كۈننى، شۇ قىزنى كۈتكەنىدىم. ئەسلىدە ئاشۇ كۈن تۈنۈگۈن كېچە ئىكەن، ئاشۇ قىز سىز ئىكەنسىز!

تۇۋا، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ كەلگەن، شۇنداق بىر كۈننى، شۇنداق بىر يىگىتنى كۈتۈپ كەلگەن ئەمەسمىدىم. نە قەدەر ئوخشاشلىق — ھە!

كېيپىمىز كەلگۈسىگە يۆتكەلدى. بىزنىڭچە، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز ئاشۇ ئاخشامدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەك ئىدى...

ئېسىڭدىدۇر زاھىرە، ئەتىسى سەنمۇ ئىشقا كېلىپسەن.

— تۇۋا، ئەجەب ئىكەنسەن، ئاغرىپ قالسام، نېمە بولدۇڭ دەپ ئۆيىگە كېلىپمۇ قويمىدىڭ، — دەپ رەنجىدىڭ سەن.

— خاپا بولما ئاداش، ئاخشام جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى، — مەن «شۇنداق» دېگەن سۆزنى سوزۇپ ئېيتتىم. شۇ تاپتا چىرايىڭدىن، كۆزۈڭدىن، ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدىن كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك

بىلمەيتتى. سەن نېمىشقىدۇر سېزىۋالغاندەك قىياپەتتە ماڭا قارىدىڭ.

— بەك خۇشالغۇسەن، ماھىرە؟ — تەئەججۇپ بىلەن سورىدىڭ سەن.

مەن بويۇنۇڭغا گىرە سالدىم.

— سەن مەندىن رەنجىمىسەن، لېكىن تۈنۈگۈن مەنمۇ سېنىڭدىن رەنجىگەنىدىم، مەن شۇنچە خۇشال بولغان كۈندە ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاغرىنغانىدىم.

— نېمە خۇشاللىق؟ نېمە، تەلئەت؟ — سەن ئۇ خۇشاللىق بىلەن سورىدىڭ.

— تەلئەت بىلەنلا قاپسەنغۇ؟ — دېدىم مەن ئەۋلىرىمنى ئۈچلاپ، — ئۇ مېنىڭ تەلئەت ئاكامغۇ.

— ئەمىسە... — سەن بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ ۋە ئۆزۈڭنى مېنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ گويا مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، يەنە كېلىپ بىر ھەيرانلىق ئىچىدە قالغاندەك، چەكچىيىپ قاراپ قالدىڭ، ئاندىن بىردىنلا توۋلىۋەتتىڭ، — نېمە؟ بارنىجان؟!

مەن ئالدىراپ ئاغزىڭنى ياپتىم ۋە ھودۇققاندەك ئەتراپىمغا قارىدىم.

— راست دەۋاتامسەن، ماھىرە؟ — دەپ پىچىرلىدىڭ سەن، ئاھاڭىڭدىن نارازىلىق، ھودۇقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

مەن سېنى قۇچاقلىدىم.

— مەن بەختلىكمەن زاھىرە، شۇ قەدەر بەختلىكمەن! — دەپ پىچىرلىدىم مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك.

سەن جىمىپ كەتتىڭ. لېكىن بۇ ھالەت مېنىڭ خۇشاللىقىمنى سۇسلاشتۇرالمايتتى. سەنمۇ ئۆز خىيالىڭ بىلەن، مەنمۇ ئۆز خىيالىم بىلەن خىيالى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدۇق.

— زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيۋاتىدۇ، — بىردىنلا سۆزگە كىرىشتىڭ سەن، — ئۇنى ئەمدى كۆرۈشۈڭغۇ.

— لېكىن مەن ئارزۇلىرىمدا، تەسەۋۋۇرىمدا كۆرگىلى نەچچە يىل بولدىغۇ. شۇڭا مەن ئۇنى تۇنجى كۆرۈشىمدىلا ئۇ ماڭا گويا كونا تونۇشتەكلا بىلىندى. ئۇمۇ ھەم شۇنداق دەيدۇ.

— چۈشەنمىدىم، زادىلا چۈشەنمىدىم، — سەن كاچاتلىق بىلەن بېشىڭنى چايقىدىڭ، — شۇنچە تېز، شۇنچە تاسادىپ-ھە؟

— چۈشەنمىگۇدەك نەرى بار، — دەپ ئورنۇمدىن قۇچاقلىدىم ۋە بېشىمنى بېشىڭغا يېقىپ پىچىرلىدىم، — ئېسىڭدىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان كىتابلىرىمىز. ئاتابېك بىلەن كۈمۈش، پەرھاد بىلەن شىرىن، لەيلى بىلەن مەجنۇن، يەنە كىم كىملەر ئاشۇنداق تاسادىپلىق ئىچىدە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانغۇ!

— تۇرمۇش پۈتۈنلەي كىتابتىكىدەك بولامدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خام خىياللار بىزنى ئوقۇشتىن قالدۇرغانىدى. ئەمدىكىسى بىزنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويمىسۇن يەنە. بىز خىيالى چوڭ بولۇپ قالدۇق.

— نېمىدېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن! — دېدىم مەن قايىل بولماي، — سەنمۇ مەۋلان بىلەن تاسادىپ تونۇشتۇڭ. تېزلا ئەپلىشىپ قالدىڭغۇ.

— تاسادىپ تونۇشقان بىلەن نەچچە-نەچچە ئايلار ئادەتتىكى تونۇشلۇقىمىز بىلەن ئۆتتۇق. ھايات، كەلگۈسى توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلەشتۇق، شۇ جەرياندا بىر-بىرىمىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمىزنى چۈشىنىشتۇق...

ـ مەن بۇنداق بولۇشىنى ياقتۇرمايـ
مەن،ـ مەن كېيىنكىنى بۆلدۇم. ئەسلىدە
مەن: «مېنىڭچە بۇنى مۇھەببەت دېيىشـ
كە بولمايدۇ» دېمەكچى ئىدىم. لېكىن
كۆڭلۈڭنى ئايىدىم،ـ مەن مۇشۇ 30 نەچـ
چە سائەت ئىچىدە ئۇنىڭ ھەممە نېـ
مىسىنى چۈشىنىپ بولغاندەك، ئۇمۇ ھەم
شۇنداق بولغاندەك ھېس قىلىمەن.
بولدىلا، تالىشىۋەرمەيلى. تۇرمۇش دې-
گەن بىر خىللا بولۇۋەرمەيدىغۇ، ئەگەر
شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ نېمە مە-
زىسى بولسۇن! مەن ھەممە ئىشنىڭ
ئۆزگىچە بولۇشىنى، تاسادىپىيلىق
ئىچىدە يۈز بېرىشىنى ياخشى كۆرىمەن.
ـ ۋاي خۇدايا، پەرىمەي!ـ دېدىڭ سەن
مەڭزىمنى بوشقىنە چىمدىپ قويۇپ،ـ
بىراق. تەلەيتكە ئۇۋال بولدى ـ دە!
ـ خۇشاللىقىمغا ئورتاق بولىدۇ دەپ
سېنى كۆرۈشكە ئالدىرىسام، نەدىكى
گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭ! بۇ گەپكە
يەنە تەلەيت ئاكامنى ئارىلاشتۇرۇۋالـ
غىنىڭ نېمىسى؟ مەن ئۇنى ئاكامدەك
كۆرىمەن. ھۆرمەتلەيمەن شۇ! ماڭا قاـ
را. سەن مەۋلانغا خەۋەر قىلىپ قوي،
كەچتە تەلەيت ئاكام بىلەن بارىدىغاننى
ئېلىپ ئۆيگە كەلسۇن. ئىككىمىز ئىش-
تىن چىقىپ ئۇدۇل بىزنىڭكىگە كېتەيلى.
ـ داداڭ بىلەن ئاپاڭغا كۆرسىتىشكە
ئالدىراپسەن ـ دە، ئاپاڭ خەۋەردار بولـ
غان ئوخشىمامدۇ.
ـ ياق، ئۇلارغا تەلەيت ئاكامنىڭ توغـ
قىنى كەپتۇ دېدىم، چاقىرىشقا
ئالدىرىدى.
ـ ھە، ئۇلار تەلەيتنىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بوپتۇ ـ دە،
ئاپاڭ ماڭا نەچچە قېتىم دېگەنىدى...

بولدى، بولدى، قاپىقىڭنى تۈرمىگىنە
ئاداش، دېمىدىم، بولدىمۇ؟ بىراق، ئۇ
ئىشنى ئاتا ـ ئاناڭ ئۇقسا ئۇنارمۇ؟
ـ ئۇنايدۇ، مەن ئۇنىتىمەن!ـ دېدىم
مەن ئىشەنچ بىلەن،ـ لېكىن سەن مەۋ-
لانلارغا ئېيتماي تۇر.
يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسا-
دىي شارائىتىنىڭ يېتەرلىك ياخشى
بولۇشىغا يارىشا، ئۆيىمىزمۇ كەڭتاشا،
شۇنداقلا ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىـ
دى. لېكىن ماڭا بارىدىغاننىڭ ئالدىدا
ئۆيىنىڭ قايسىدۇر بىر يەرلىرى چېنىپ
قالىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۆيـ
گە، ئۆيدىكى جابدۇقلارغا ھەۋەس بىـ
لەن قاراپ كەتكىنىنى سەزگىنىمدە،
كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى.
دادام مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بو-
لۇپلا ئاغىنىسىنىڭكىگە كەتكەن. ئاپام
ئاشخانىدا ئالدىراش ئىدى. بىز بە-
شەيلەن ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك پاراڭلىـ
شىپ ئولتۇردۇق. لېكىن مەن كەيپىـ
ياتىنىڭ مەۋلاننىڭ ئۆيىدىكىدەك تازا
يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، بارىدىغان ئىكـ
كىمىزنىڭ پات ـ پات بېقىشقانلىقىمىز-
نى سېزىپ قالدىمۇ قانداق، تەلەيتنىڭ
كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى
تۇيۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ
قالدى، لېكىن كۆزلىرىم بارىدىغاننىڭ
ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان
ھامان، بۇ تۇيغۇنى ئۇنتۇپ قالاتتىم.
شۇ ئاخشام مەۋلاندىن رەنجىپ قالـ
دىم. ئەسلىدە مەن سىلەرنىڭ كەچكىچە ـ
يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشۇڭلارنى خا-
لايتتىم. لېكىن سائەت توققۇز يېرىم
بولۇشى بىلەنلا، مەۋلان:
ـ ئوبدان ئولتۇردۇق. كۆپ كايىپسى-

لەر، خىيالى كەچ بولۇپ قالىدى، دۇئا
قىلماي ئىلەنۇ — دەپ ئىككى قولىنى كۆ-
تۈردى. تەلئەت شۇ ھامان ئۇنىڭغا
ئەگەشتى، بارنىجان ماڭا قارىدى. مەن
يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. لېكىن ئۇ
ئاماللىسىز — دە. ئۇمۇ ئاستا قولىنى كۆ-
تۈردى.

مېنىڭ رەنجىشىم، ئاپامنىڭ كايىش-
لىرىغا قارىماي، سىلەر قوزغالدىڭلار.
مەن سىلەرنى ئۇزىتىپ پەسكە چۈش-
تۈم. ئەگەر ئوغۇل بالا بولغان بول-
سام، ئۇزىتىپ قويۇش بەختىدىن بەھ-
رىمەن بولالىتتىكەنمەن. ئامال قانچە
سىلەر يېنىپ، ئېڭىزراقى، بارنىجان
بىلەن يېنىپ ماڭالمىدىم. مەن سىلەر-
نىڭ قاراڭلار يوقىغۇچە قاراپ تۇردۇم.
دوقمۇشتىن بۇرۇلىدىغان چاغدا بىرسى
ئارقىسىغا قاراپ قويدى. بۇ، بارنىجان
ئىدى. ھېسسىياتىم داۋالغۇپ كەتتى،
ئارقاڭلاردىن يۈگۈرۈشكە تاسلا قالدىم.

ئەتە كەچ ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچ-
رىشىدىغانلىقىمنى، يەنە بەخت تۇيغۇ-
سىغا چۆمۈلىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمە-
دا، روھىم كۆتۈرۈلۈپ، بايىقى كۆ-
ڭۈلسىزلىك ھېسسىيات غايىب بولدى.
مەن ئالدىراپ ئاندا قىتۇر بىر چىرايلىق
ئاھاڭنى غىڭشىغىنىمچە، ئۆيگە چىقتىم
ۋە. ئاشخانىدا قاچا - قۇمۇچ يۇيۇۋاتقان
ئاپامنىڭ قېشىغا كىردىم.

— مەنمۇ يۇيۇشۇپ بېرەي، ئاپا، — دې-
دىم مەن ئاپامغا ئەركىلەپ.

— شۇنداق قىلغىنا، بالام، — دېدى ئا-
پام خۇش بولۇپ، — ساڭا قاچا يۇغۇزۇپ
باقمىغىلىمۇ ئۇزۇن بولدىغۇ.

مەن يۇيىمەن، بۇ قاچىلارنىڭ ئې-
چىدە بارنىجاننىڭ قولى تەگكەن، لېۋى
تەگكەن قاچىلار بار. ئۇلارنى تۇتسام
گويا...

كۆڭلۈم سىرىمنى ئاپامغا دېگۈم كەل-
دى. لېكىن ئۇنىڭ چۆچۈپ كېتىشىنى
بىلەتتىم.

— ئاپا، تەلئەت ئاكامنىڭ تۇغقىنى
قانداقراق كەن؟ — سورىدىم مەن يۈرىكىم
دۇپۇلدىگەن ھالدا.

— ئۆزىمۇ چىرايلىق بالىكەن، گەپ-
سۆزلىرىمۇ جايىدا كۆرۈنىدۇ. لېكىن
نېمىشقىكىن ماڭا تازا يېقىپ كەتمى-
دى. ھەر قانچە بولسىمۇ تەلئەتجانغا
يەتمەيدىكەن. تەلئەتجان بەلەن بالا
جۇمۇ، ئۇنىڭ...

— نەرى ياقمىدى ساڭا؟ — دېدىم مەن
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، شۇ تاپتا تې-
رىكىپ قالىدىغاندەكلا تۇراتتىم، مەن
بىلەمەن، دادام بىلەن ئاپامغا تەل-
ئەتتىن ئۆزگىسى ياقمايدۇ زادى.

— كۆزلىرى، — دېدى ئاپام پەرۋاسىز-
لىق بىلەن.

— كۆزلىرى بەك چىرايلىقغۇ.

— مەنمۇ سەت دېمىدىمغۇ. بىراق ئۇ
كۆزلەرنىڭ تېگىدە يەنە بىر كۆز بار-
دەكلا كۆرۈنىدۇ.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ، — دېدىم مەن زاڭ-
لىق قىلىپ، — مېنىڭ كۆزۈم شۇنچە ئۆت-
كۈر تۇرۇپ بۇنى بايقىماپتىمەن. سې-
نىڭ خىرە كۆرىدىغان بۇ كۆزلىرىڭ
قانداق كۆرىدىكىن.

— كۆڭلىڭىمۇ بىر ئۆتكۈر كۆزى بار
ئەمەسمۇ، بالام.

ئاپامنىڭ بۇ سۆزلىرى تولىمۇ تې-
تىقسىز بىلىندى. مەن ئۇنىڭغا سىرىنى
ئېيتىشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىل-
دىم. شۇڭا گەپنى يۆتكىۋەتتىم. بىلمە-

مەن، دادام بىلەن ئاپامنىڭ كۆزىدە
تەلەتلا بار. دېمەسمۇ، ئۇ ناھايىتى
ئاق كۆڭۈل، سەممىي يىگىت، جىمـ
غۇرلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مىجەزـ
خۇلقىغا ئىشەن قويالمايمەن. لېكىن
ئۇ بارنىچاندەك ھېسسىياتقا باي ئەمەس،
ئادەمنى ياشنىتىدىغان، ئادەمنى
بەختىنىڭ، ھاياتىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس
قىلدۇرىدىغان بىر مۇھىم نەرسە ھېسـ
سىيات ئەمەسمۇ؟ ھېسسىياتقا گاداي
ئادەم، كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قانـ
داقمۇ جەلپ قىلالايدۇ؟ كىشىنى قانـ
داقمۇ بەختلىك قىلالايدۇ؟

ئۆيدىكىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامـ
دا بىر ئېلىشىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى
ئېنىق چۈشەندىم. لېكىن مەن بۇنىڭـ
دىن غەم قىلمايتتىم. چۈنكى ئۇلار مېـ
نى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ ئۈچۈن ياـ
شايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ
رايىمغا باقماي قالامدۇ!

8

مەۋلان ئەتىسى ئەتىگەندىلا مېھـ
مانخانىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئاخشام ئەجەب سەت ئىش قىلدىـ
ڭىز - ھە!— دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن
تەنچىلىق سورىشىپ بولۇپلا.

— مەنغۇ ياخشى ئىش قىلدىم دەپ
ئويلايمەن.

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنتاـ
كىمرىكى خۇشخۇيلۇقىنىڭ يوقلۇقىنى سېـ
زىپ قالدىم. «زاھىرە ئېيتىپتۇ - دە،
دەپ ئويلىدىم مەن، — مەۋلان ئاغىنىسىـ
نىڭ غېمىنى يەپ بۇ يەرگە كەلگەن
ئوخشايدۇ.»

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، زاھىرەنى چاقىرىپ
قويايى،— دېدىم مەن ۋە ئالدىراپ ئارـ
قامغا بۇرۇلدۇم.

— چاقىرماڭ ماھىرە، مەن بۇگۈن زاـ
ھىرەنى ئەمەس، سىزنى ئىزدەپ كەلـ
دىم،— دېدى مەۋلان بىر خىل قەتئىي
ئاھاڭدا.

— مېنى؟— دېدىم مەن كۈلۈپ،— ئاخشام
زاھىرە بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالـ
غان ئوخشىمامسىلەر؟ لېكىن مەن ئاـ
راڭلارغا چۈشمەيمەن، ئۆزۈڭلار ھەل
قىلىۋېلىڭلار.

— زاھىرە بىلەن ئوبدان بىز، بىراق
سىز بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالـ
دىغاندەك تۇرىمەن.

— مەن بىلەن؟— دېدىم مەن ئۆزۈمنى
ھەيرانلىقتا سىلىپ،— مەن نېمە قىلىپـ
تىمەن؟

— ماھىرە بىز خېلى ئوبدان تونۇشۇپ
قالدۇق،— دېدى مەۋلان سەل قىينالغانـ
دەك قىياپەتتە كەڭ پېشانىسىنى سىـ
لاپ قويۇپ،— شۇڭا سىز رەنجىمىگەيمۇ
مەيلى، بىر سۆزلىشەي دەپ ئالدىڭىزـ
غا كەلدىم. مېنى ئاخشام سەت ئىش
قىلدىڭىز دەيسىز، سىز ھېلىقىنى بارـ
چان بىلەن كۆز بېقىشىپ ئولتۇرسىـ
ڭىز، مەن شۇنداق قىلمىۋالسۇن دەپ
ئولتۇرۇۋەرسەم بولامتى...

— زاھىرە كۆز بېقىشقىنى يوقـقۇ!—
مەن توڭلا تەگدىم،— سىز نېمانچە كۆرـ
چەپ كېتىمسىز؟

مەۋلان جىمى بولغاندەك قىياپەتتە
ئېگىلگىنى سىلىدى.

— ئوبدان سۆزلىشەيلى ماھىرە، ئاـ
رىدا رەنجىش بولمىسۇن. راستىنى
ئېيتسام، ئاخشام شۇ ئىشنى بايقىمىسىـ
دىم، گويا زاھىرە شۇنداق قىلمۇۋاتقانـ
دەك ئولتۇرالمايلا قالدىم. تەۋۋا،

www.uyghurkitap.com



ماھىرە نەزەرى ئۈستۈن، ئېغىر - بېسىق قىزدەك تۇرۇۋىدى، بۇ نېمە ئىش ئەمەدى دېدىم. شۇ چاغدا بىچارە ئاغىنەم تەلئەتكە قارىدىم. ئۇ مەندىن بۇرۇن سەزگەن ئوخشايدۇ. چىرايى ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — مەن تېخىچە نىقابنىڭ ئىچىدە ئىدىم.

— بىلمەسكە سالماڭ، ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سىز بىلىسىز، لېكىن ئۇنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەسىڭىز كېرەك. ئۇ سىز بىلەن تونۇشقاندىن بېرى يان بىر يىل ئۆتتى. شۇ بىر يىلنى ئۇنىڭ قانداق ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ، بىر خۇدا بىلىدۇ. مەنمۇ ئازراق بىلىمەن.

—لېكىن مەن... — مەن نىقابتىن چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— بىلىمەن ماھىرە، سىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىسىز، لېكىن ياخشى كۆرىمەن دېيەلمەيسىز. شۇنداقمۇ؟ — مەۋلان سەل تىزختىتىۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن تەلئەت سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. سىز ھەقاچان ئۇنى جىمغۇر، ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپى يوق دەيدىغانسىز. ئۇ پەقەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا شۇنداق. ئۇ شۇنچە خۇشچاقچاق، شۇنچە خۇشخۇي يىگىت! مەن ئۇنىڭغا دادىلراق بولغىن دەپ نۇرغۇن قېتىم ئېيتتىم. لېكىن مۇھەببەت بەزىدە ئادەمنىڭ تىلىنىمۇ گال قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.

مەن ئۈن - تىنسىز يەرگە قاراپ تۇرۇۋەردىم. شۇ تاپتا مەن: «مەۋلان ئاغىنىسى ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتىدۇ». دەپ ئويلاۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمغا ھېلىقى قۇلاقلار كەلدى.

— مەن ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى ئازابلىغۇچە، ماھىرەگە كۆڭلۈڭدىكىنى دېۋەت، بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ مەن دەي» دەپ باقتىم. لېكىن ئۇ زادىلا كۆنمىدى. ئۇ بىرلا نەرسىدىن — سىزنىڭ: «مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەدەل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىزدىن قورقىدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئاخشام ئېسىمگە چۈشتى. بىردىنلا تەلئەتكە يەنە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. لېكىن بۇ پەقەت ئىچ ئاغرىتىشلا ئىدى، ئاران ئېرىشكەن بەختىمنى ئىچ ئاغرىتىشقا تېگىشىۋېتىشىم زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— مەن تەلئەتنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، — دېدىم مەن ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — بىراق مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟ مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن، لېكىن ھېلىقىدەك ھېسسىيات يوق.

— ھېسسىيات بولمىسا، ئۆز ئارا چۈشىنىش جەريانىدا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇغۇ، ماھىرە، — دېدى مەۋلان ئويچان قىياپەتتە، — زاھىرە بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىياتمۇ شۇنداق يېتىلدى ۋە يېتىلىۋاتىدۇ. ئۆز ئارا چۈشىنىش ئاساسىدا ئاستا - ئاستا يېتىلگەن ھېسسىيات پۇختا بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئاخشام قايتىپ كېتىۋېتىپ زاھىرەدىن بارىجان ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. كېچىچە ئويلاپمۇ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا تونۇشتىڭىزغۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا،

مۇھەببەتكە بولغان قارىشىڭىزنى چۈشەن-
نەمسىز؟ ئۇنىڭ قەلبىنى، نېمىلەرنى
ئويلايدىغانلىقىنى، مىجەز - خۇلقىنى
چۈشىنەمسىز؟

— چۈشىنىمەن! — دەۋەتتىم مەن
ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— سىزگە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقاندۇ
ھەقاچان، — دېدى مەۋلان سەمىمىي
ئاھاڭدا، — بەلكىم سىزگە ئۇ تۇرمۇش
توغرىسىدا، مۇھەببەت توغرىسىدا ئاجا-
يىپ سۆزلەرنى قىلغاندۇ. توغرا، ئۇ
سۆزلەشنى ئوبدان بىلىدىكەن، ئۆزىمۇ
چىرايلىق يىگىت ئىكەن. لېكىن مې-
نىڭچە سىز ئۇنى مەن چۈشەنگەنچىلىك
چۈشەنمەيدىغانسىز. ھازىرغۇ پۇلنىڭ
كېيىنى، قاقتى - سوقتى قىلىشنىڭ كې-
يىنى قىلىدىغان كىشىلەر تولا، شۇڭا
بۇ گەپلەر كىشىلەرگە ئانچە غەلىتە
ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن
بارىجاننىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ
چىقىشى مەن ئۈچۈن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
غەش قىلىدۇ.

— ماڭا ئۇنداق گەپنى قىلىپ باقـ
قىنى يوق، — دېدىم مەن تېرىكىپ. مې-
نىڭچە، مەۋلان تەلەت ئۈچۈن بارىـ
جاننى بىر يامان ئەيىبىنى ئارتماقچى
بولۇۋاتاتتى.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قىلمايدۇ-
دە، — دېدى مەۋلان مېنىڭ تېرىككىنىمگە
پەرۋا قىلماي، — سىز ئۇنىڭدىن كۆڭ-
لىڭىزنى سوۋۇتۇپ، تەلەتكە قارىتىش
ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئويلا-
ۋاتقانسىز. راست، دوستۇمنىمۇ ئوي-
لايمەن، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن يالغان
گەپنى توقۇيالمايمەن. بارىجان يەنە...
— بولدى قىلىڭ! — دېدىم مەن سو-

غۇققىنە، — مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى،
تەلەت ئاكامغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن-
دىن رەنجىمىسۇن.

مەۋلان ئۆز مەقسىتىنى چۈشەندۇ-
رەلمىگەنلىكى ئۈچۈن جىملى بولغاندەك
قىيناپ ەتتە: «ھەي...» دەپ يەرنى قاتتـ
تىق تەپتى ۋە:

— بوپتۇ ماھىرە، مەن كېتەي، مېنى
چۈشەنمىدىڭىز، بىزنى چۈشەنمىدىڭىز.
لېكىن بىز يەنىلا سىزنىڭ دوستىڭىز، —
دېدى - دە، مېنىڭ: «زاھىرەنى چاقىـ
رىپ بېرەي» دېگىنىمگىمۇ قۇلاق سال-
ماي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

مەن مەۋلاننىڭ بارىجان توغرىسىدا
قىلغان كېيىنكى سۆزلىرىگە ئىشەنمە-
دىم. نېمىشقا ئىشەنگىدەكمەن؟ مەن
سۆيگەن ئاشۇ ئاجايىپ يىگىتنىڭ
ئاغزىدىن ئۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشى
مۇمكىنمۇ؟ ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن يارال-
غان، ئۇ مۇھەببەتنى ئويلايدۇ، مۇھەب-
بەتنى سۆزلەيدۇ. ئۇ مېنى ئوي-
لايدۇ، ماڭا بولغان مۇھەببەتنى سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن
بەختلىكمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن
ئۇنىڭكى!

راست گەپنى ئېيتماي نېمە قىلاي؟
گەرچە مەن بارىجانغا شۇ قەدەر ئىخـ
لاس قىلىدىغان بولسامۇ، مەۋلاننىڭ
سۆزلىرى كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويـ
دى. بارىجان راستتىنلا مەۋلاننىڭ
ئېيتقىنىدەكمۇ؟ ياق، ياق، بۇ مۇمكىن
ئەمەس. مەۋلاننىڭ مەقسىتى ئېيتىپنىڭ
تۇرمامدۇ، ئۇ قەدىناس دوستى ئۈچۈن
جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان تۇرسا، بىرەر-
ئىككى ئېغىز يالغاننى توقۇۋېتىشتىن
يانامدۇ. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا كۆڭ-

لىرىدىكى غەمشادلىك يەنە غايىب بولدى.

كەچتە ئۇچرىشىش ۋاقتىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم.

— ماھىرە، بىر گەپنى ئېيتسام خاپا بولامسىز؟ — تۇساتتىن بارىجان شۇ ئاخشىمى ئۆزىمىزنىڭ لەززەتلىك پاراڭلىرى قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا شۇنداق دەپ قالدى. مەن چۆچۈدۈم، مەۋلانىنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى، ئىختىيارسىز تۈگۈلدۈم.

— نېمە گەپ؟ — دېدىم مەن بوشقىنە، ئاۋازىمۇ ۋۇجۇدۇمدەك تىترەپ كەتتى.

— مەن قانداق قىلاي ئەمدى، — بارىجان مېنى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە پەس ئاۋازدا، — مەن، مەن ئەتە سەھەردە قايتاي دەۋاتىمەن.

مەن ئۆزۈمنى تارتىپ ئۇنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قارىدىم ۋە ئۇ ھازىرلا كېتىپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭ باغرىغا تىقىلدىم. يۈرىكىم ھىجران ئەندىشىسىدىن ئېچىشتى.

— نېمىشقا؟ يەنە بىر ھەپتە تۇرماقچى بولغانتىڭىزغۇ؟ — ئاۋازىم بوغۇلدى، مېنى يىغا تۇتتى.

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئۇ گەپ قىلىشتىن قىينالغاندەك.

— مېنى قىينىماي تېزراق دېسىڭىزچۇ، نېمە ئىش بولدى؟ ياكى ... ، — بىردىنلا تەلەت بىلەن مەۋلان ئېسىمگە چۈشتى، ئۇلار بارىجانغا قوپاللىق قىلغان ئوخشايدۇ-دە، ئۇنداقمۇ چىدىماسلىق بولامدۇ؟ مەن تېخى ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىپ، دوست بىلىپ يۈرۈپتىمەن. ياق، مەن ئۇلارنى بوش قويمايمەن، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى يۈزىگە سالىمەن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ماھىرە، مەن بىر كىم بىلەن دېيىشىپ قالمىدىم، — دېدى بارىجان كۆڭلۈمدىكىنى ئۇققۇۋالغاندەك، — بىراق مەن بىر خىل ۋىجدان ئازابىدا قالدىم. ئۆزىڭىز سەزدىڭىزمۇ-يوق، ئۇنى ئۇقمىدىم، لېكىن مەن سېزىپ قالدىم. تەلەتنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. تەلەت مېنىڭ تۇغقىنىم، شۇنى ئويلىغىنىمدا مېنى بىر خىل ۋىجدان ئازابى قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈشكە يەنە تاقەت قىلالمايمەن. شۇڭا كېتەي دېگەنىدىم.

بەدىنىمگە بىر خىل ئاغرىق سېزىم تارقالدى، يۈرىكىم خۇشاللىقتىن دۇپۇلدەپ كەتتى. مەن سۆيگەن، مېنى سۆيگەن يىگىت نەقەدەر ئالىيجاناب-ھە! بۇنداق ئالىيجانابلىقنى قىلالايدىغان كىشىلەر كۆپمۇ!

— تۇغقىنىڭىزغا چىدىيالمايدىكەنسىز، مېنى تاشلاپ كېتىشكە چىدايدىكەنسىز-دە، — دېدىم مەن ئەركىلەپ.

ئۇ مېنى باغرىغا تارتتى ۋە تەشنالىق بىلەن بىر ھازاغىچە سۆيدى. ئاندىن يۈزۈمنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، پېشانەمگە پېشانىسىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— سىزدىن ئايرىلىشقا ھەرگىز چىدىيالمايمەن، جېنىم. سىز بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا پۈتۈن جاھاننى ئۇنتۇيمەن، گويا بۇ جاھاندا ئىككىمىزلا باردەك بىلىنىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمگە: «مېنىڭدىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمىدۇ؟» دەپ سوئال قويىمەن. ئارقىدىنلا، ياق، مېنىڭدىن بەختلىك ئادەمنىڭ بولۇشى

مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماھىرەسى يوق، مېنىڭ ماھىرەم بار دەيمەن. سىز بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ھەممىنى ئۇنتۇسام، سىز بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەنھا قالغاندەك غېرىبسىنىمەن. ئەتىكى ئۇچرىشىشنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن. مەن بۇنداق ھالغا چۈشىرىشىڭىزنى شۇ چاغقىچە خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. بىراق سىز مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدىڭىز، ماھىرە.

مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپ كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. مەن بىرگىن ئاخشامنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى، ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي، مۇھەببەتكە باي تاتلىق سۆزلىرىنىڭ كۆزى پۈتمەس بۇلاقتەك زادى توختاپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

— تەلەيتىنىڭمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغىنىمدا، — دېدى ئۇ قولىنى بېلىمگە ئۆتكۈزۈپ، — بىر خىل كۈچلۈك رەشك ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈردى. سىزنى مېنىڭدىن ئۆزگە ھېچكىمنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ھەققى يوق! مەن غەزەپلەندىم. لېكىن ئوبدانراق ئويلاپ باقسام، يەنىلا مەن بەختلىك، ئۇ بىچارە ئىكەن. ئۇ تولىمۇ خۇشخۇي، پاراڭچى يىگىت ئىدى. ئەمدى ئۇ باشقىچە بولۇپ قاپتۇ. تۇغقىنىمنىڭ ئاشۇ خىيالچان، غەمكىن قىياپىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشكە كۆڭلۇم ئۇنىمىدى. شۇڭا مەن كېتەي دېدىم. لېكىن سىز مېنىڭ، مەڭگۈ مېنىڭ!

باردىجاندىكى ھېسسىيات يۈكسەكلىكى بىلەن ئەخلاقىي يۈكسەكلىكى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ئوتۇمنى تېخىمۇ يالقۇنلاتتۇۋەتتى. ھىجران كىرنالىرىدىن، ھىجران ئازابىدىن شۇ قەدەر قورقسامۇ، ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلدۇم. مېنىڭمۇ تەلەتكە ئىچىم ئاغرىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا قاچان كېلىسىز؟ — دېدىم مەن ئىچكى ئازابىمنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ.

— پات ئارىدا، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، — ئەمدى كەلسەم، سىزنى ئالغىلى، سىزنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىمەن، ئاتا-ئانىڭىز ئۇنارمۇ؟

— ئۇنىشىنىغۇ ئۇنىمايدۇ، — دېدىم مەن راست گەپنى ئېيتىپ، — مەن ئۇلارنىڭ يالغۇز بالىسى، ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن ئايرىلىشقا زادى كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. لېكىن مەن ئۇنىتىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى دەپ قىزىنىڭ بەختىنى توسۇپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

باردىجان قىزىق لەۋلىرىنى لېۋىمگە ياقتى.

بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ پاراڭىمىزغا چۈشتۇق. مۇھەببەت، ھايات، كەلگۈسى...

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە مەن بېكەتكە ئۇزىتىپ چىقمايدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. ئۇنى تەلەت ئۇزىتىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ مېنى ئۇنتۇغىچە بىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى تەلەت ياخشى يىگىت، ئۇنىڭ كۆڭلىنى شۇنچىلىك بىلىپمۇ ئايىمىساق بولامدۇ!

ئايرىلىش نەقەدەر دەھشەتلىك ئىشھە! لېكىن ماڭا تەسەللىي بېرىدىغىنى — بىز مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بولۇش

ئۈچۈن ئايرىلماقچىمىز. مەن ئۇنى كۈتىمەن، ئۇ كېلىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ!

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كەچ قالغانلىقىمغا كايىغان ئاپامنىڭ سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بەرمەي خانەمگە كىرىپ كەتتىم. ئەينەككە قارىدىم، يىغىدىن قاپاقلىرىم خېلىلا ئىششىپ قالغانىدى. بارچاننىڭ كېتىدىغانلىقى يەنە ئېسىمگە چۈشتى. مېنى يىغا تۇتتى. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتتىم ۋە يۈزۈمنى ياستۇققا باستىم. مەن ئۆزۈمنى چىقارماسلىققا ئۇرۇندۇم. بىراق ئىچ-ئىچىمدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋاز پەردەمنى غىدىقلىماقتا. مەن بوغۇلداپ كەتتىم.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ — دېگىنىچە ئاپام كىرىپ كەلدى، — ۋاي خۇدايىم، يەنە نېمە ئىش بولدى؟ بىرسى بوزەك ئەتتىمۇ؟ شۇڭا سېنى كەچ قالما دەيمەن ئەمەسمۇ!

ئۇ يىغلامسىراپ يەلكەمدىن تۇتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، مېنى ھېچكىم بوزەك ئەتمىدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆكسىگە يۈزۈمنى يېقىپ، — ئۇ، ئۇ كېتىدىغان بولدى.

— كىم؟ كىم كېتىدۇ؟ — دېدى ئاپام چۆچۈپ.

شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ئاپام ئۈچۈن تېخى سىر ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. بىراق ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ سىرنى ئېيتمىسام بولمايتتى.

— ئاپا، نەچچە كۈندىن ئېيتمىغىنىمغا خاپا بولما، — دېدىم مەن يىغىنى بېسىپ، — بىز ۋەدىلىشىپ قويدۇق، مەن تەلئەت ئاكامنىڭ ھېلىقى تۇغقىنى بىلەن...

ئاپام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق، چۆچۈش، ئەنسىرەش ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، — بۇنداق ئىشتا چېقىشقىلى بولمايدۇ، بالام، مەن بىلەن چېقىشما!

— چېقىشمىدىم ئاپا، دېگەنلىرىم راست!

ئاپام كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى.

— مەن پەقەت ئويلىماپتىمەن بالام، سېنىڭ بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشىڭنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ئۇ بالىنى كۆرگىنىڭگە تېخى نەچچە كۈنلا بولدىغۇ. شۇنداقمۇ تېز ئىش بولامدۇ؟ مەن سېنى تەلئەتجان بىلەن... ھەر نېمە بولسا سىناشقان دوست ياخشى. تەلئەتجان شۇنداق ياخشى بالىغۇ، ئەمدى سەن نېمىشقا ئېزىپ-تېزىپ...

ئاپام بىلەن ئىككىمىزنىڭ دەتالىشى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. لېكىن بىر-بىرىمىزنى قايىل قىلالمىدۇق. نېرىدىكى ئۆيدىن دادامنىڭ: «ھاي، يېرىم كېچە بولدىغۇ، ئاپىسى، ماھىرە ئەتە ئەتىگەن ئىشقا بارىدىغان تۇرسا، يېنىغا كىرىۋېلىپ كوتۇلداۋېرىپ ئۇنى ئارام ئالغىلى قويمامسەن؟» دەپ توۋلىشى سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. ئاپام چىقىپ كېتىۋاتقانىدا: «ئاپا، سىلەر ئۇنىساڭلارمۇ، ئۇنىمىساڭلارمۇ بەرىبىر. مېنى بەختلىك بولسۇن دېسەڭلار رايىمغا قويۇپ بېرىڭلار» دېدىم. ئاپام ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمىلەرنى-

دۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، ئارقىدىن يې-
شىنى چايقىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

كېچىچە بوۋاي - مومايلىق پىچىرلاش-
لىرى، ئۇھ تارتىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.

دوستۇم، خېتىمنى يەنە ئۈزۈپ قوي-
ياي، ياخشى چۈش كۆر!

9

ئۇ كەتتى، ئازابلىق ھىجران
كۈنلىرى باشلاندى. مەن قانداقتۇر
بىر قىممەتلىك نەرسەمنى يوقىتىپ
قويغاندەك ئىستىداش، پەرىشانلىق
ئىچىدە قالدىم. قولۇم ئىشقا بارمايتتى،
گەپمۇ خۇشياقمايتتى. كېچىلىرىم
ئۇيقۇسىز، ئەسلەش، ياش تۆكۈش
بىلەن ئۆتەتتى. مەن ئۇنىڭ خېتىنى
كۈتەتتىم. دەرۋازىدا پوچتالىيون پەيدا
بولۇشى بىلەن، يۈرىكىم ئۈمىد بىلەن
كىچىك دۈپۈلدەيتتى. بىر كۈن، ئىككى
كۈن ... ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
ئۇنىڭدىن تېخىچە خەت يوق. ئۇ
بىردىلا خەت يازماقچى، بىز ئۈچ
كۈندە بىر پارچىدىن خەت يېزىشماقچى
بولغان ئىدۇققۇ. ئۇ نېمىشقا جىمىپ كەتتى،
يا بىرەر ھادىسىگە ... ياق، ياق،
ئاغزىمغا تاش - توپراق!

مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن گۇمان
قىلمايتتىم. بىز تەقدىر قوشقان بىر
قوشماق. بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن
شۈبھىلىنىشكە ھەققىمىز يوق.

مەن شۇنداق دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى
بەرگىنىم بىلەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە
ئەگىشىپ بىر ۋەھىمىلىك خىيال
كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى: مەن ئالدىنىپ
قالغاندىمەنمۇ؟!

ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن ئەسلىمىلەر بۇ
خىيالنى يىراققا قوغلايتتى. بىراق
بۇ بىردەملىك ئىدى. بۇ خىيال يەنە
پەيدا بولاتتى، يەنە بىزەڭلىك بىلەن
ماڭا يېپىشاتتى، يەنە رەھىمسىزلىك
بىلەن يۈرىكىمگە سانجىلاتتى.

ئۇ كېتىپ 15 - كۈنى سەن بىر
پارچە خەتنى پۇلاڭلاتقىنىڭچە مېنىڭ
يېنىمغا يۈگۈرۈپ كىردىڭ.

— سۆيۈنچە! سۆيۈنچەڭنى بەر! —
دېدىڭ سەن خەت تۇتقان قولۇڭنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ.

مەن ساڭا ئېيتالماقچى بولدۇم - يۇ،
بىردىنلا ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ
قالدىم. مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەن-
دەك قولۇڭغا، مېنى بۇ ھالغا سالغان
ئاشۇ كونۋېرتقا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

— سۆيۈنچەڭنى بەرمىسەڭمۇ بەزىمە،
ئاداش، رەڭگىڭنى باشقىچە قىلىپ
ئادەمنى قورقاتمىغىنا! چىرايىڭ
ئەجەب تاتىرىپ كەتتى، بىرسىگە
كۆيۈش توغرا كەلسە، سەنلا كۆيىمەك
بولغۇدەك. 15 كۈندىلا يادلاپ شۇمەكتەك
بولۇپ قالغىلى تاسلا قالدىڭ.

سەن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە مېنى
قۇچاقلاپ قويدۇڭ ۋە كونۋېرتنى
تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتىڭ.

مەن كونۋېرتقا قارىدىم: مېنىڭ
ئادرېسىم، ئىسمىم؛ ئۇنىڭ ئادرېسى،
ئۇنىڭ ئىسمى ... بۇ خەت راستتىنلا
مەن كۈتكەن خەت ئىدى. مەن كون-
ۋېرتنى يۈرىكىمگە باستىم، ھېلىقى
تېتىقسىز خىيالىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى
ئەيىبلىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمان-
لانغىنىم، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە شەك
كەلتۈرۈشكە نېمە ھەققىم بار؟!

مەن كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئاچتىم.
ئۇنىڭ تۇنجى خېتىنى يەنە بىر خېتى

كەلگۈچە كۈندە نەچچە-نەچچە قېتىملاپ ئوقۇغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ھازىرمۇ سۆزمۇ سۆز ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

«جېنىم ماھىرە، مېنىڭ ماھىرەم،— دەپ باشلىغانىدى ئۇ بۇ خېتىنى،— سالامەتمۇسىز؟ مېنىڭ ئۈچۈن سالامەت بولۇڭ.

— مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلالمىدىم — ئۈرۈمچىگە بېرىپلا خەت يازىمەن دېگەن سۆزۈمنى ئورۇندىيالمىدىم. ھەتتا ئون كۈنگىچىمۇ قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ماھىرە، يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەرسىز؟ بەلكىم مېنى بىرەر ھادىسىگە يولۇقتىمىكىن دەپ قالارسىز، يەنە بەلكىم كۆڭلى ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن دەرسىز. بىراق قەدىرلىكىم، مەن سالامەت، كۆڭلۈم بولسا سىزگە تەلپۈنۈش، سىزنى سېغىنىش بىلەن بەند.

ئادەم بىردىنلا كۈچلۈك مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولغىنىدا، مۇھەببەتتىن ئۆزگە ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدىكەن. مانا مەن شۇنداق بولدۇممىكىن. سىزنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم-يۇ، بىر خىل شېرىن ئىستەك مېنى ئورىۋالدى. سىزگە قەلبىمنى ئىزھار قىلىپ، سىزنىڭمۇ قەلبىڭىزنى چۈشەنگىنىمدە، ماڭا جاھاندا غەم-غۇسسە دېگەنلەر يوقتەك بىلىندى. بىراق قاچانكى سىز بىلەن خوشلاشتىم، شۇنىڭدىن تارتىپ رەھىمسىز ھىجران يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلدى. مەن ۋىسالىغا تەشنا بولدۇم، ۋىسال كۈنلىرىگە تېزراق ئېرىشىشكە ئالدىرىدىم. ئەنە شۇ چاغدا مېنى غەم باستى، مەن ئىرادىسىزلىكىمنى ئېسىمدە تېڭىرقاپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ بەختى قارا ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

ماھىرە، مېنىڭ ماھىرەم، سىز مېنىڭ ئىدىڭىز، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بەختى قارا ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگىنىمدە، گويا سىز مېنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تۇۋلاۋاتىمەن، ئارقىڭىزدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، ئاۋازىم جاراڭلىق، لېكىن سىزگە يەتمەيدۇ، يۈگۈرۈشۈم تېز، لېكىن ئۆزۈم تولىمۇ ھالسىز. سىز لەرزان مېڭىپ يىراقلاپ كېتىۋاتىسىز، بىراق مەن يۈگۈرۈپمۇ يېتىشەلمەيۋاتىمەن. مەن يۈگۈرگەنچە سىز يىراقلىشىپ كېتىۋاتىسىز ...

سىز بۇلارنى ئوقۇپ، مېنى ئېلىشىپ قالدىمىكىن دەرسىز. راست، مەن سەۋدايى، مەن مەجنۇن بولدۇم. بۇنىڭ سەۋەبكارى — سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز!

ماھىرە، ۋىسال پەيتىدە ھەممىنى ئۇنتۇغىنىم بىلەن، سىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆزۈم تەنھالىق قاراڭغۇلۇقىدا قالغىنىمدا، سالقىنقانلىق بىلەن ئويلاندىم. بىراق بۇ ئويلىنىش ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىدى. مەن سىزگە بەرگەن: (يەنە كېلىمەن، سىزنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىمەن) دېگەن ۋەدەمنى ئورۇنلاشقا ئاماللىسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يەتتىم. مەن ۋاپاسىزمىكەنمەن؟ ياق، ياق، ماھىرە، ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. مەن ھازىر سىزنى ئىلگىرىدىكىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، سىزدىن ئايرىلسام روھىي دۇنيارىمنىڭ قاقاس چۆللۈككە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس

قىلالمايتتىمەن.

سىزدىن ئايرىلغىنىمغا ئۈچ كۈن بولدى. ئۆزى كىرىن دەپ ئاتالسىمۇ، ماڭا يىللاپ بىلىنگەندەك بۇ ۋاقىت ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلىمىدىم دېمەمسىز. مەن ۋىسال كۈنىنى ئويلىدىم. شۇ كۈنگە قانداق قىلسام تېزرەك يېتەلەيمەن دەپ باش قاتۇردۇم، لېكىن جاۋاب تاپالمىدىم. مەن ئەر كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىزگە يېتىش يولۇمنى توسۇپ تۇرغان مۇدھىش ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىشىم، ئۇنى يېڭىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم، ئۇنى يېڭىشكە كۆزۈم يەتمىدى.

ماھىرە، بۇلارنى يازماي دېسەم، سىزنى قىيناپ قويارمەنمىكىن دېدىم (سىزنى قىيىنىشىچە ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ)، يازاي دېسەم ئەرلىك غۇرۇرۇم يول قويمايۋاتىدۇ.

ئويلاپ-ئويلاپ، ئاخىرى ئەرلىك غۇرۇرۇمنى ئازابلاشقا قارار قىلدىم. چۈنكى بۇ يولنى تاللىمىسام سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قارا يۈز بولۇپ قالىدىكەنمەن، بۇ يول بەلكىم مېنى سىزدىن ئايرىۋېتەر، مەن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەرمەن. لېكىن سىزنىڭ مېنىڭ سىزگە بولغان چىن مۇھەببىتىمدىن شەكلىنىپ قېلىشىڭىزغا چىدىيالمايمەن.

ئۇھ، بۇ سۆزنى ئېيتماق نەقەدەر ئېغىر-ھە! لېكىن يەنىلا ئېيتىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەن ئېيتاي ماھىرە، مەن ئېيتاي!

بايا مۇدھىش ئالۋاستىنى تىلىمغا ئالدىم. بۇ نېمىكىن دەپ قالالاڭ.

ئۇ — نامراتلىق! سىز بۇنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانسىز. توغرا، مەنمۇ سىزنى كۆرگەندە، سىز بىلەن مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا بۇنى خىيالىمغا كەلتۈرگىنىم يوق ئىدى. چۈنكى سىز مېنى ئۆزىڭىزنى ھەممىگە قولى يېتىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرگىنىمدە، ئۆي ئىچىگە قاراپ بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ نامراتلىقى، ئۆزۈمنىڭ چېنىپ قالىدىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالغان، روھىم چۈشكەنىدى. لېكىن سىزنىڭ چىرايىڭىز، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز بۇنى شۇ ھامان ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئەمدى يەنە شۇ نامراتلىق مېنى ئۆزەمدىن سىزلىككە سالماقتا.

ماھىرە، سەت بولسىمۇ راستىنى ئېيتاي. مەن نامراتمەن. ئاپام رەھمەتلىكنىڭ دادامنىڭ نەپەقە پۇلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مېنىڭ ئازغىنە مائاشىم نېمىگە يېتىدۇ دەيسىز. ئاپامغا ئىككى سىزنىڭ ئىشىنى ئېيتقىنىمدا بىچارە ئاپام ئېقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يېمەي-ئىچمەي يىغقىنى مېنىڭ يوتىگىمۇ يەتمەيدىكەن. بۇ نېمىگە يېتىدۇ! مەن قەرز ئالايمۇ؟ بۇ نەقەدەر ئازابلىق ئىش-ھە!

مەن يول توسايمۇ، ئوغرىلىق قىلايمۇ؟ سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن، شۇنداق بىر رەزىل يولغا مېڭىشقىمۇ تەييارمەن. بىراق، پاك مۇھەببەتكە ھارام پۇل بىلەن يېتىشسەم، مەن مەڭگۈلۈك ۋىجدان ئازابىدا قالمامدىمەن!

ماھىرە، مېنىڭ خەت يېزىشىمنى نېمە ئۈچۈن كېچىكتۈرگەنلىكىمنى ئەمدى

چۈشەنگەنسىز. مېنى كەچۈرۈڭ ماھىرە، مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي ئاسماندىكى ئايغا قول سوزغانىكەنمەن، قولۇم يەتمەيدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم. مەن ئايغا ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، ئاشۇ ئاينىڭ تەبەسسۇمى مەڭگۈ كۆز ئالدىمدا، ئاشۇ ئايغا بولغان مۇھەببىتىم مەڭگۈ قەلبىمدە.

مەن بەختسىزمەن، بىراق سىز يەنە بەختلىك بولالايسىز. مېنى ئۇنتۇڭ، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ!»

مەن خەتنى ئوقۇۋاتىمەن، كۆز ياشلىرىم قەغەزگە تاراملاپ چۈشمەكتە. بىراق بۇ ياشلار ھەسرەت يېشى ئەمەس، بەخت يېشى ئىدى. گەرچە خەتتە بارىجان ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى بىچارىلىكىنى يازغان، بۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملىدىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى چاقناپ تۇراتتى. ماڭا كېرىكىمۇ شۇ ئەمەسمۇ. ساپ مۇھەببەتنى نامراتلىق سۇسلاشتۇرالامدۇ؟ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىمكانىيەت كېرەك بولسا، بۇنىڭغا مەن بار! چۈنكى مېنىڭ ئاتا-ئانام بارىجانىڭمۇ ئاتا-ئانىسى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھەرخىل ئەندىشىلىرىنى، ھەرخىل نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەن ئۇلارنى تەسىرلەندۈردۈم. مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمغا ئىشەندۈردۈم. مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇم ئۈچۈن ئۇلار ھېچنەرسىنى ئايىمايدۇ.

زاھىرە، سېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق، شۇنداقمۇ؟ مەن ساڭا نۇرغۇن سىرلىرىمنى ئېيتقان بولسامۇ، مۇشۇ بىر ئىشنى يوشۇرۇپ قالغانىدىم. چۈنكى مەن بارىجانىڭ سىلەرنىڭ نەزەرىڭلەردە خۇنۇكلىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئەمدى نېمىشقا يېزىۋاتىمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەلكىم ساڭا يېزىۋاتقان بۇ خېتىمنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

مېنىڭ مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە تەسەللىي بىلەن تولغان تۇنجى جاۋاب خېتىمدىن كېيىن، بارىجاندىن خەت ئۈزۈلمەي كېلىدىغان بولدى. ئۇ خەتلەردە خىجالەتنى يازاتتى. ئۇنىڭ خېتىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات مېنى بىر گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ كىرەتتى. مەن ۋىسال كۈنىگە تەشنا بولاتتىم، شۇ كۈننىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم.

دادام-ئاپاملار سەل ھار ئالغان بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى قىلدى. «بوپتۇ بالام،— دېدى ئاپام يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،— سەن بىر قارارلىق قىلىۋاتىسەن. بىز سېنى بۇ قارارىڭدىن توسۇپ قالالمىغۇدەكمىز. ئاخىرەتلىكىمىزگە ھۆكۈمەت ئىگە، بىزنىڭ تاپقان-تەرگىنىمىز سېنىڭ...» ئۇلار ئۆي تاپتى، ئۆينى ئۆي جاھازلىرى بىلەن تولدۇردى. شۇ كۈنلەردە تەلئەت، مەۋلان ۋە سەن بەك ئەسقاتقانىدىڭلار. تەلئەت مېنى ئۇنتۇيالمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن بىر خىل چوڭقۇر ھەسرەت بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا قاراپ تۇرمىدى. مەۋلان ئانچە-مۇنچە سانجىۋالسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۈچۈن

جاپا چېكىشكە رازى ئىدى.

ئېسىڭدىمۇ دوستۇم، توي كۈنى تەلئەت ئۆيدىلا قىزدۇۋالغانىدى. ئۇ بىزنىڭ ئۇستىلىمىزگە كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇستەل گىرۋىكىنى تۇتۇپ، بارنىجانغا تىكىلىپ بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز قاراپ كەتكىنىدە مەن قورقۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىرەر جېدەل چىقىرىپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلمىدى. ئۇ بىر رومكىنى بارنىجانغا سۇنۇپ، بىر رومكىنى ئۆزى ئالدى - دە، پەس ئاۋازدا، ئەمما دانە - دانە قىلىپ:

— بارنىجان، ماھىرە، بەختلىك بولۇڭلار، — دېدى ئۇ سەل بوغۇق ئاۋازدا، — بارنىجان، سەن مېنىڭ تۇغقىنىم. سېنىڭ ماھىرەگە ئېرىشكەنلىكىڭ، بىر چەكسىز بەختكە ئېرىشكەنلىكىڭ ئۈچۈن تەبرىكلەيمەن. ئەمما، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئەگەر ماھىرەنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش ئاققۇزساڭ، مەن... بىز سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟

— تەلئەت، سەن ئېغىرلىشىپ قاپسەن، — دېدى بارنىجان كۈلۈپ، لېكىن ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن بىر خىل ئەندىشە چىقىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

— ئېغىرلىشىپ قاپسەن؟ — تەلئەت چەكچىيىپ، — بۇ گېپىڭنى قوي. سەن ئۆزۈڭچە مېنى مەست بولۇۋېلىپ ئېيتىۋاتىدۇ دەۋاتقان ئوخشىمامسەن. مېنىڭ بايا دېگىنىمنى ساق ئادەمنىڭ گېپى دەپ بىل. ئويدان ئېسىڭدە تۇت. بارنىجان ئەگەر شۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ قالسا سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمىز! — تەلئەت بىردىنلا ماڭا قاردى، ئۇ مېنى تۈزۈك كۆرەلمىگىنى بىلەن، مەن توي ياغلىقى ئىچىدىن ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم.

— ماھىرە، — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاھاڭدا، — مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، سىز مېنى بارنىجانغا قاتتىق كەپ قىلدى دەپ رەنجىۋاتىمسىز، لېكىن... لېكىن مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېمىسەم بولمايدۇ... بەختلىك بولۇڭلار!

تەلئەت رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ نېرىغا كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن رەنجىمىگەن، ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقنى چۈشەنگەن، خىيالى كۆڭلەرگىچە شۇ كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇيالمىغانىدىم.

خېتىمنى توختىتىشقا رۇخسەت قىل، دوستۇم، مەن چارچاپ قالدىم.

10

مەن بەختلىك ئىدىم، چۈنكى مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، ۋاقىتنى ھېسابلىسا تولىمۇ قىسقا، كۈڭۈلنى ھېسابلىسا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن ھىجران كۈنلىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش بەختىگە ئېرىشكەنىدىم. لېكىن، يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن، سىلەردىن ئايرىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئالەمچە بەختمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدى. ئېسىڭدىدۇر زاھىرە، يولغا چىققىش ۋاقتىدا بىر دەم دادام بىلەن ئاپامغا، بىر دەم ساڭا ئېسىلىپ گويا كەلمەسكە كېتىۋاتقاندەك يىغلاپ كەتكەنلىرىدىم. «مۇسۇلماندا بۇت يوق، قىز بالىدا يۇرت» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، شۇ

چاغقىچە بۇ گەپ ئەجەب توغرا ئېيتىل-
غانىكەن دەپ كەلگەنىدىم. لېكىن
يۇرتۇمدىن ئايرىلىش بېشىمغا كەلگەنـ
دە، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. چۈنكى مەن بۇ
يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يۇرتتا
ئىنىمنىڭ قەدىردانلىرىدىم — قىزىمنىڭ بەختى
ئۈچۈن ھېچنەرسىنى ئايىمىدىغان، ئۆز-
لىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقان قىزىدىن
ئاغرىنىشنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ بەختى
ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقان ئاتا - ئانام
بار ئىدى. مەن ۋە تەلئەت، مەۋلانلار-
دەك دوستلىرىم بار ئىدى.

شۇ كۈنى تەلئەت بىلەن مەۋلانمۇ
ئۇزىتىشقا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ چىرا-
يىدىنمۇ مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.
مەن ئۇلار بىلەنمۇ يىغلاپ خوشلاشتىم.
تەلئەتكە: «مېنى كەچۈرۈڭ» دېگەن
ئىككى ئېغىز گەپنى قىلغۇم بار ئىدى،
لېكىن قىلالمىدىم. چۈنكى يىغا گېلىمنى
بوغۇۋالغانىدى.

— دادام، ئاپام ۋە سىلەرمۇ گويا
ھازا ئاچقاندەك بىر خىل قايغۇلۇق
كەيپىيات ئىچىدە مېنى ئۇزىتىپ
قويدۇڭلار. سىلەرنىڭ ماشىنا قوزغالغانـ
دىن كېيىنمۇ قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ
يىغلىغىنىڭ ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن
كەتمەيدۇ، «ماھىرە... بىزنى ئۇنتۇما،
خەت يېزىپ تۇرغىن» دېگەن ئاۋازىڭ
قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ.

ئۆي جاھازلىرى بېسىلغان ئاپتوموبىل
كابىنكىسىدا كېتىۋاتىمىز. قېيىن ئانام
تويدىن كېيىنلا قايتىپ كەتكەن بولۇپ،
كابىنكىدا شوپۇر، بارنىجان ۋە مەن
بار ئىدىم. مېنىڭ ئېسەدىشىم خىيالى
ئۆزۈنىڭچە بېسىلمىدى. بارنىجان مەن
بىلەن خوشلىشىۋېتىپ يىغلىغانىدى، بۇ
تەسەللى بەرمىگەنىدى، كابىنكىدىمۇ
ئۈن - تىنىسىز تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى،
ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلغان بولۇپ، مەن
ئۇنىڭ خاپا چىرايىنى شۇ چاغقىچە
كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭغا نېمە
بولغاندۇ؟ مېنىڭ دىققىتىم ئۇنىڭغا
بۇرالدى.

مەن ئۇنىڭغا يۆلەندىم. مەن ئۇنىڭ
ماڭا تەسەللى بېرىشىنى، ماڭا تاتلىق
گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇ-
رۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن ئۇ
رەنجىگەندەك ئاھاڭدا ئېغىز ئېچىپ
قالدى:

— بىر نېمىگىمىز ئۆلگەندەك ئەجەبمۇ
يىغلاپ كەتتىڭىزا!

ئۇنىڭدىن بۇنداق گەپنى كۈتمىگەن-
لىكىمدىنمۇ ياكى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ
قوپال تەككىنىنى ئاڭلىغىنىمدىنمۇ،
ئۇنىڭ گېپى كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگدى.
ئۇ قانداق گەپ قىلىشنى بىلەتتىغۇ،
ئەمدى نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمنى
چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ مەن تېخىمۇ ئېسەدەپ
كەتتىم.

— بولدى - بولدى، — دەپ پىچىرلىدى
ئۇ يېقىملىق ئاھاڭدا، — يىغلاۋەرسىڭىز،
شوپۇر بۇ قىز توي قىلغىنىغا نارازى
ئوخشايدۇ دەپ ماشىنىنى ئارقىغا
ياندۇرۇپ كەتمىسۇن. ئۇ چاغدا مەن
سىزدىن ئايرىلىپ قانداق چىدايمەن؟

مەن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم. باياتقى
رەنجىشىم غايىب بولدى.

— باياتىن يىغلاۋەرگىنىڭىزنى بۇنى
كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ
قالدى، مەن تېخى ماھىرە پۈتۈنلەي
مېنىڭكى دەپ يۈرسەم، يېرىمى يۇرتىنىڭ
ئىكەن، مېنى ئاران يېرىم ياخشى

كۆرىدىكەن دەپ قالدىم.

— زاھىرە، بۇ ئېيتىدىغان تاتلىق سۆزلەر - ھە! مەن ئۆزۈمنى ئەيىپلىدىم. مەن سىلەردىن ئايرىلىش ئازابىغا چىدىماي يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ ماڭا قوپال تېگىشكە ھەقلىق. مەن ئۇنىڭغا: «سىز بىلەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كېتىشكىمۇ رازىمەن» دېگەن ئىدىمغۇ.

— مېنىڭ ئۇنى قۇچاقلىغۇم، ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «مېنى كەچۈرۈڭ» دەپ پىچىرلىغۇم كەلدى. لېكىن، شوپۇردىن خىجىل بولدۇم.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئاتا-ئانىدىن ئايرىلماق ئاسان ئەمەس، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسامۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم، — دېدى يارىجان مېھرىبانلىق بىلەن.

قارا، مەن بەختلىكمىكەنمەن؟ ئۇ ھەممىنى چۈشىنىدۇ، ھەممىنى بىلىدۇ، دەردمەن يۈرەككە ئارام بېرەلەيدۇ.

يۇرتىمىزنىڭ تارىخى قىسقا بولغىنى بىلەن، تەرەققىياتى تولىمۇ تېز. پۈتۈن شەھەرنى قەۋەتلىك بىنالار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بىر قەۋەتلىك ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭمۇ تايىنى يوق، ئاھالىلەر ئاساسەن ئاشۇ قەۋەتلىك بىنالارغا ئولتۇراقلاشقان. مەن بىزنىڭ شەھىرىمىز شۇنچىلىك بولغاندىكىن، مەركەز بولغان ئۈرۈمچىمۇ شۇنداق، بەلكى شەھىرىمىزدىنمۇ گۈزەل دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ماشىنا شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندىمۇ تەسەۋۋۇرۇمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەنىدىم، لېكىن، يارىجاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شوپۇر ماشىنىسىنى كىچىككىنە يامغۇردىن كېيىن لاي - پاتقاق بېسىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى، تار كوچىغا ھەيدەپ كىرگەندە، مەن ھەيران بولغىنىمدىن لېۋىمنى چىشلىدىم. يارىجان ئىدارىسىدە ئۆينىڭ قىسلىقىنى، ھازىرچە شەخسىيىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى ئېيتقانلىقىغا قارىماي، مەن بۇ شەھەردە بۇنداق كوچىنىڭ، بۇنداق ئېگىز - پەس ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

تولىمۇ سەت غىچىلداپ ئېچىلىدىغان قوش قاناتلىق ئىشىكى بار كىچىككىنە ھويلىدا بار بولغان ئۈچ يېرىم ئېغىز ئۆينىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى زىققە كېسەللىكىدىن ھاسىراپ قاخشاپلا تۇرىدىغان، تەلەتى سۆرۈن خوجايىن موماينىڭ بولۇپ، ئەپلىككىنە بىر يېرىم ئېغىز ئۆي بىزنىڭ ماكانىمىز ئىدى. ئۆينى يارىجان ئىجارىگە ئالغان چاغدا ئاقارتىپ قويغانىكەن. بىر پارچە قەغەزمۇ تېپىلمايدىغان قوپۇرۇق بۇ ئۆيگە بىز ئېلىپ كەلگەن جابدۇقلارنى جايلاشتۇرۇۋىدۇق، ئۆي ئىللىق چىراي بولۇپ قالدى.

بۇ كوچا، بۇ ئۆيلەر مېنى ھەيرانلىقتا سالغىنى بىلەن، كۆڭلۈمنى غەش قىلالمىدى. چۈنكى كىچىك، ناچار بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈم بار، بۇ ئۆيدە مەن يارىجان بىلەن ياشايمەن. ئۇ يېنىمدا بولسىلا، ئۆڭكۈرمۇ ماڭا قەسىر كۆرۈنىدۇ.

ھاياتىمدىكى يېڭى كۈنلەر باشلاندى، ھەر بىر كۈن مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. چۈنكى ئاشۇ ھەركۈن بىر بەخت شادلىقى، مۇھەببەت لەززىتى بىلەن تولغانىدى. بىر كۈندۈزى

شەھەرنى ئايلىنىپ تىنتۇق، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئال-
دىنى قويۇپ قويۇپ بىر - بىرىمىزگە
يۆلەنگىنىمىزچە ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق؛
ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاقىۋاتقان مۇھەببەت
كۈيلىرى نېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلايتتى،
ھېسسىيات قاينىمىغا تاشلايتتى. بىر-
بىرىمىزگە تۇيغۇ بېغىشلار، يېقىملىق
پىچىرلىشىشلار، تاتلىق سۆيۈشلەر
ساڭا بىر تۇرۇپ چۈشتەك، بىر تۇرۇپ
راستتەك بىلىنەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بارىجان
ئىشقا چۈشتى. ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قالى-
دىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، مېنى بىر
خىل غېرىبلىق ئورىۋالدى. بىراق
بۇ غېرىبلىق ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى.
چۈنكى ئۇ ئەمدى ئەتىگەندە كەتسە، چۈشتە
قايتىپ كېلەتتى، چۈشتىن كېيىن
كەتسە، كەچتە قايتىپ كېلەتتى. مەن
ئۇنى كۈتەتتىم، بۇنداق كۈتۈشمۇ ماڭا
لەززەت بېغىشلايتتى. ئەتىگىنى ئۇنى
ھويلا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقاتتىم.
ئۇنىڭ مېنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن-
دەك ئارقىغا قاراپ - قاراپ كېتىۋات-
قانلىقىنى كۆرگىنىمدە، يۈگۈرۈپ
بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالغۇم، قولىدىن
تارتىپ قايتۇرۇپ كەلگۈم كېلەتتى.
بىراق ئۇ ئىشقا بارمىسا بولمايتتى.
ئۇ دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزۈمدىن
يوقىغاندىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ
ئۆينى تازىلايتتىم، ھويلىنى سۈپۈرەتتىم.
خوجايىن موماي تىنماي كوتۇلداپ
يۈرسىمۇ، مېنىڭ بۇ ئىشىم ئۇنىڭغا
يارايتتى.

ئاپام ئەتكەن تەييار تاماقنى يەپ
ئۆگىنىپ قالغىنىمغا قارىماي، كۆمۈر
ئوچىقىغا ئوت قالاش، تاماق ئېتىش
ماڭا ئېغىر كەلمىدى. چۈنكى بۇ مېنىڭ
ئۆيۈم؛ مەن بارىجاننىڭ ئاغزىغا
تېتىغۇدەك تاماق ئېتىشىم كېرەك.
بارىجان تاماق يېيىشكە باشلىغاندا،
مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇ-
راتتىم. ئۇ: «ماھىرە، تاماقىڭىزمۇ
ئۆزىڭىزگە ئوخشاش تاتلىق جۇمۇ» دەپ
قالسا، مەن چەكسىز خۇشاللىققا
چۆمەتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ مېنىڭ
ھەممە نەرسەمنى ياخشى كۆرۈشىنى
ئارزۇ قىلاتتىم.

«ماھىرە، مەن ساڭا يازغان تۇنجى
خېتىمدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يازغان
ئىدىممۇ. سەن ئىككىنچى پارچە خېتىڭدە
مېنىڭ روخسەت ۋاقتىمنىڭ توشۇپ
قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىكەنسەن.
پەقەت شۇ چاغدىلا مەن تېخى تەقدىرىم-
نىڭ بىر قىسمىنىڭ يەنىلا ئاشۇ ئىش
ئورنۇمغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى
ئېسىمگە ئالدىم. بىز يەنە ئايرىلار-
مىزمۇ؟ بۇ نەقەدەر دەھشەتلىك ئىش-ھە؟
بۇ قورقۇنچلۇق سوئال يۈرىكىمنى
ئەزجىدى. مەن بارىجاندىن ئايرىلىپ
قالىدىغاندەك، تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ
قۇچىقىغا تىقىلدىم.

بارىجان تويدىن ئىلگىرى: «ماختى-
نىۋاتىدۇ دەپ قالما. ماھىرە، مېنىڭ
خىيالى يەرلەرگە كېتىپ ئۆتتىدۇ. بىزنىڭ
ئىشلىگىنىمىز بولسا، مانا مەن تۇرۇپ-
تىمەن، ھازىرقى ئىش ئورنىمىزدىنمۇ
ياخشى يەرگە ئورۇنلاشتۇرالايمەن»
دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشى-
نەتتىم، ئۇنىڭ يالغان ئېيتمايدىغان-
لىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر
سىنىڭ ئاشۇ خېتىڭ كەلگىچە، ئۇ بۇ
ھەقتە قايتا ئېغىز ئېچىپ باقمىدى.

— قانداق قىلىمىز، بارىجان؟ — دەپ پىچىرلىدىم مەن ۋەھىمە ئىچىدە.

— سىزگە دېمىگەنىم بىلەن، مەن ئۇ يەر - بۇ يەر بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ مېنىڭ چېچىمنى ئوينىپ تۇرۇپ، — يەنە بىر ئاز ۋاقىت كېرەك. ماھىرە. يا شۇ ئىش ھەل بولغۇچە قايتىپ تۇرامسىز؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— مەن... قانداق چىدايمەن، بارىجان؟

— ئۇ ئامراقلىق بىلەن مېنى سۆيدى.

— مەنمۇ چىدىمايمەن، — دېدى ئۇ مېنى قۇچاقلاپ، — كېتىمەن دېسىڭىزمۇ ئۇنىمايتتىم. ھەي، ھازىر كىشىلەر خىزمەت دېگەنگىمۇ ئانچە قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەسمايە بولسا سودىگەرلىك قىلغانغا يەتمەيدىكەن. قولۇمدا ئازراق بىر نەرسە بولسا، مەنمۇ ئاشۇ ئىدارە دېگەن نەس باسقان يەرنى تاشلىۋېتىپ شۇ ئىشنى قىلغان بولاتتىم، ئۇ چاغدا سىزنىڭمۇ ئىشلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى بولمايتتى.

ئىلگىرى بارىجاننىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ھەيران بولغان ھالدا جىم ئولتۇرۇپ قالدىم.

— شۇنداق قىلايمۇيا، — دېدى بارىجان بىر خىل تاقەتسىزلىك ئاھاڭىدا، — ئاتا - ئانىڭىزنىڭ بانكىدىكى پۇلىمۇ ئاز ئەمەسكەن، ئۆسۈمىنى ئاز بانكىدا تۇرغۇچە، بىزگە قەرز بېرىپ تۇرسا، بىزمۇ ھاللىنىپ قالاتتۇق، ئۇلارنىڭ پۇلىمۇ تېزلا كۆپىيىپ كېتەتتى.

— بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! — دەۋەتتىم مەن دەرھال. دېمىسىمۇ، بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. تويىمىزنىڭ چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۈستىگە ئالغان، ھەتتا ئۆي جاھازلىرىنىمۇ ئېلىپ بەرگەن ئاتا - ئانامنىڭ يانچۇقىنى يەنە كولاشقا يۈزۈم قانداق چىدايدۇ؟ بارىجان بۇنى ئويلىمىدىكىنە؟

— بولدى - بولدى، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى بارىجان، بىراق ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى بىر خىل نارازىلىقنى سېزىپ قالدىم، — ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلار ئاز چىقىمدار بولمىدى. شۇنى ئويلىسام بەك خىجىل بولىمەن. ئىشىڭىزنى ھەل قىلالام بولمىدىمۇ!

ئۇنىڭ شۇ سۆزى بىلەن مېنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىم تاراپ كەتكەندەك بولدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم خىزمەت ھەققىدە پاراڭ چىقسا — بۇ پاراڭنى تولىراق بارىجان قوزغايتتى — ئۇ يەنە مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەلىتە قىلىپ قويغان ھېلىقى پاراڭنى تەكرارلايتتى، ئارقىدىنلا، چاقچاق قىلدىم دەپ گەپنى تۈگىتەتتى.

بارا - بارا مەن نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئويلا - ئويلا بۇنى تاپتىم. ئۇ، بىزنىڭ بېرىش - كېلىش قىلىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ يوقلۇقى ئىدى. قېيىن ئانام ئاندا - ساندا كېلىپ قوياتتى، كەلسىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرماي كېتىپ قالاتتى. بۇنى ئۇنىڭ كۆيۈمسىزلىكىدىن دېگەندىن كۆرە، ئوغلىدىن ھېيىقىدىغانلىقىدىن دېگەن مۇۋاپىقراق ئىدى. چۈنكى بارىجان ئۇنىڭغا تولىمۇ سالقىن مۇئامىلە قىلاتتى. بىچارە ئانا قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن

قەرزىنى ياخشى ئادا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىدىن خىجىل بولىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، بارىجان ئانىسىنىڭ ھالىنى توغرا چۈشىنىشى كېرەككۇ! مەن ئاتا-ئانامنىڭ قېشىدا چېغىمدا، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئۇلارغا قوپاللىق قىلغانلىرىم ئاز ئەمەس. لېكىن ياقا يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، ئاتا-ئانام ئېسىمگە چۈشسە ئاشۇ ئىشلار يادىمغا كېلىپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بارىجاننىڭ ئاپىسىغا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا ياقماي قالدى. مەن بۇ توغرۇلۇق بارىجان بىلەن سۆزلىشىشكە نەچچە-نەچچە رەت تەمشەلدىم، بىراق زادىلا ئېغىز ئاچالمىدىم.

قېيىن ئانامنىڭ ئارىلاپ كېلىپ كېتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزنىڭ ئۆيگە خوجايىن موماي ئانچە-مۇنچە كىرىپ قالاتتى. ئۇ ئۆينىڭ قەيەردىدۇر بىر يېرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇيان-بۇيان قاراپ، تاملارنى سىلاپ بېقىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ كوتۇلدىغىنىچە چىقىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر قاچا تاماق سۇنمىساق، نەچچە-نەچچە كۈنگىچە چىرايى ئېچىلمايتتى.

بۇ ئۆيگە كەلگىنىمىزگە ئىككى ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئىككەيلەندىن ئۆزگە بىرسى ئاياغ دەسسەپ باقمىدى. بارىجاننىڭ دوستلىرى يوقمىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ياكى بىزنى توي چېيى قىلىپ بەرمىدى دەپ رەنجىپ كەلمەيۋاتقاندىمۇ؟

ئەسلىدە بىزنىڭ بارىجاننىڭ دوستلىرىنى، ئىدارىسىدىكىلەرنى چاقىرىپ قويىدىغان يولىمىز بار ئىدى. بىراق بارىجان بۇ ھەقتە تىنمىدى، مەن نېمۇ ئېغىز ئاچالمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ قولى قىسقا، خىجىل قىلسام قاملاشمايدۇ-دە. لېكىن، مەن بارىجاننىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈشىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئوچۇقلۇق بىر ئايالغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى، ھويلا ئىشىكىنىڭ ئالدى تەتۈرىدىن قوپال غىچىرلاپ ئېچىلىشى ۋە كىملەرنىڭدۇر، «بۇ مۇشۇ ھويلىدا»، «چاتاق يوق!» دېگەن ئالا-تاغىل ئاۋازلىرى بىزنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى. ئارقىدىنلا خوجايىن مومايىنىڭ: «ھەي، نەدىن كەلگەن مەستلەر بۇ، ئىشىكنى كاردىن چىقارغىلى تاسلا قىلىشتىڭغۇ!» دەپ كوتۇلدىغىنى ئاڭلاندى.

— بىزنىڭكىگە كەلگەن مېھمانلارمۇ نېمە؟ — دېدىم مەن بارىجانغا قاراپ. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەنگەن بولسامۇ، «چۆچۈپ ئويغانغانلىقتىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

بىز ئۆزىمىزنى تۈزەشتۈرۈپ بولغۇچە، بىرسى ئىشىكنى مۇشتلىدى:

— بارىجان! ھەي باري، بارمۇسەن؟

مەن ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا چىرايلىرى قىزارغان، رەڭگى-رويى غەلىتە، بارىجان بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئۈچ يىگىت ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ سەل ئارقىغا داجىشتى ۋە بىر-بىرسىگە قاراپ كۆز قىسىشتى.

— بارىجان بارمۇ؟ — دېدى بىرى ماي لىشاڭغۇ چىراي يىگىت كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ،

مەن جاۋاب بەرگۈچە، بارىجان قېشىمدا پەيدا بولدى.

— كەلدىڭلارمۇ ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى، — كېلىڭلار، كېلىڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار.

بارىجانىنىڭ دوستلىرى ئىكەن — دەپ بۇ ئۇچەيلەن كۆڭلۈمگە ياقمىغان بولسىمۇ، ئوچۇق چىراي بىلەن سالاملاشتىم.

مەن ئۇلارغا چاي راسلاپ بەرگەندىن كېيىن، ھويلىدىكى كىچىككىنە ئاشخانا ئۆيدە قورۇما قورۇشقا باشلىدىم. شۇنچە چاغدىن بېرى «بارىجانىنىڭ دوستلىرى كەلسە، ئۇلارنىمۇ مېھمان قىلسام» دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسامىمۇ، ئەمدى بۇلار كېلىۋىدى، كۆڭلۈم لاسىدە بولۇپ قالدى. مەن بارىجانىنىڭ دوستلىرى چوقۇم ئۆزىگە ئوخشاش پاكىز، رەتلىك، گەپ-سۆزلىرىمۇ جايىدا بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۇ مايلىشاڭغۇ چىرايلارنى، ھاياسىز كۆزلەرنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇلار بارىجانىنىڭ دوستلىرىمىدۇ؟

ئۆيدىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئۆيلىنىۋالدىم دېگىن. ياپىرىم، ئەجەبمۇ چىرايلىق بىر نېمىنى ئىلىندەككە كەلتۈرۈۋاپسەن.

— يامان نەرسە جۇمۇسەن، سېنى بارى قاپقان دېگىنىمىز بىكار ئەمەسكەن. پۇل خەجلىدىڭمۇ يا؟

— پۇل خەجلەمدۇ بۇ، پۇلنى بارنى تاپىمەن دەپ يۈرگەن تۇرسا...

— بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭلار، ئاغىنىلەر، — يالۋۇرغان بۇ ئاۋاز بارىجانىنىڭ ئىدى. بىردىنلا ئاۋازلا پەسىيىپ كەتتى.

بۇ مېھمانلارنى چاندۇرماي ئۇزاتقىنىمنى بىلىمەن، كەيپىياتىم بەك ناچارلاپ كەتتى. ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن تۇتۇپ يۈرىدىغان بارىجانىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بىچارە قىياپىتى، ماڭا: «ئۇلار مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. دائىم ئىچىپ، قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈشىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن چاغدىكى ھودۇققان ھالىتى، ئۇلارنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى خېلى كۈنلەرگىچە خىيالىمدىن كەتمىدى. ئۇلارنىڭ بارىجانغا شۇنداق بىر سەتلەقەمنى قويۇۋالغىنى نېمىسى؟ پۇل خەجلىدىڭمۇ دېگىنىچۇ تېخى؟ ياكى بارىجان راستىنلا شۇنداق...؟ ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇنداق چىگىش، كۆڭۈلسىز خىياللارغا پېتىپ قالغاندا، بارىجانىنىڭ تۇنجى خېتى ئېسىمگە كېلەتتى-دە، بارىجاندىن گۇمان قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە كايىيتتىم.

ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئايرىلىش ئالدىدا ئاپامنىڭ: «ئاز بولسىمۇ يېنىڭغا سېلىپ قوي، كېرەك بولۇپ قالار» دەپ بەرگەن 500 يۈەن پۇلى ئايىغىلىشىپ قالدى. بارىجان ئۆيگە بىر قېتىممۇ مائاشىنى ئەكىرىپ باقمىدى، ھەتتا ئۇ بۇنىڭ كېيىنىمۇ قىلىپ قويمايتتى. دەسلەپتە بۇ ئىش مېنىڭ خىيالىمغا كەلمىگىنى بىلەن، يېنىم قۇرۇقدىلىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە ئويلانماي بولمىدى. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق

بولسا كېرەك. ئادەم بىر ئۆينى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئويلايدىغان نەرسىلىرىمۇ كۆپ بولىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا تىرىكچىلىكنىڭ تۈگىمەس، ئۇششاق-چۈشەك غېمىدىن خالىي بولالمايدىكەن.

ئاخىرى مەن ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭغا پۇل ھەققىدە ئېغىز ئاچتىم. شۇ ھامان ئۇنىڭ رەڭگى سەل ئۆڭدى.

— ئاپىڭىز بەرگەن پۇلچۇ؟

— تۈگىدى، شۇ پۇلنى ئىشلىتىۋاتقىلى ئۈچ ئاي بولدى ئەمەسمۇ، بارىجان، — دېدىم مەن گويا بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قىياپەتتە.

ئۇ بىردىنلا مېنى قۇچاقلىۋالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ماھىرە، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك مەيۈس ئاھاڭدا، — ئۈچ ئايدىن بېرى قەرز تۆلەپ، مائاشنى ئۆيگە ئەكىرەلمىدىم. ئەمدى قەرزىمىزمۇ تۈگىدى... مەن دەسلەپتىلا سىزگە مېنىڭ بىلەن بولسىڭىز جاپا تارتىپ قالىسىز دەپ ئېيتقانىدىم. لېكىن سىزنى جاپا تارتقۇزغۇم يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەي، سىزدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم.

— بولدى، بۇ گەپنى قىلماڭ جېنىم، — دېدىم مەن ئەركىلەپ، — مەن چىدايمەن، سىز بىلەن بولسىلا مەن ھەر قانداق جاپاغا چىدايمەن.

بىز ئىجىللىق بىلەن پومىدا قامىشىپ كەتتۇق، بارلىق غەم-غۇسسىلەر بىر-دەملىك بولسىمۇ غايىب بولدى.

زاھىرە، جېنىم دوستۇم، سەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ نېمىلەرنى ئويلارسەن؟ بەلكىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ياش تۆكەرسەن. مېنىڭ ساددىلىقىمدىن ئۆكۈنەرسەن. شۇ تاپتا كۆزلىرىڭدىن تامچىلاۋاتقان ياش قەغەز يۈزىگە چۈشۈۋاتىدۇ. مەن نېمىشقا يىغلايمەن؟ ئاشۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق، دوستۇم، مۇبادا بارىجان مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۇ كۈنلەر مېنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئەرزىمەس ئىدى. لېكىن، كېيىنكى كۈنلەر...

مېنى كەچۈر دوستۇم، خېتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى!

11

سىرتتا جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇۋاتقان قىش كۈنلىرىدە ئىسسىق تام مەش تۈۋىدە سونايلىنىپ يېتىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك. پىلىتە ئۈستىدىكى چۆگۈندىن چىقىۋاتقان شىڭگىلدىغان ئاۋازمۇ خۇددى بىر يېقىملىق ناخشىدەك ئاڭلىنىدۇ. بارىجان بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ياتىمىز، پاراڭلىرىمىز تۈگىمەيدۇ. تۈنجى ئۈچرىشىش، مۇھەببەتكە تولغان ئاخشاملار ھەققىدە سۆزلىشىمىز. قايتا-قايتا سۆزلەشسەكمۇ ماڭا يەنىلا يېڭىدەك بىلىنىدۇ، قەلبىمنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ھېسسىيات بۇلىقىمنى بۇلدۇقلىتىدۇ. كەلگۈسى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىمىز تولىمۇ ئۈزۈندىلىك، تولىمۇ گۈزەل تۇيۇلىدۇ. شۇغىنىسى، بارىجان مېنىڭ خىزمەت ئىشىم ھەققىدە پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىدۇ.

مەدەۋ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشتىن
ئۆزۈمنى تارتىمەن. چۈنكى،
ئۇ يول مېڭىۋاتقاندۇ، بۇنداق ئىشنىڭ
ھەل بولىشى ئاسان ئىش ئەمەسقۇ.
ئىككىمىزلا ئايرىلمايدىكەنمىز، ھامان
بىر كۈنى ھەل بولىدۇ.

— بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، بىر
كۈنى بارىجان ناھايىتى پەرىشان
قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا
مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويىدىغان
ئادىتىنى تۇنجى قېتىم ئۇنتۇپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ بىرەر ئىش يۈز
بەردىمۇ؟ — مەن ئەنسىرىگەن ھالدا پاي-
پېتەك بولۇپ كەتتىم.

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى بارى-
جان خۇشياقمىغاندەك تەلەپپۇزدا.
ئۇنىڭ بۇنداق سىر ساقلىشى كەيپىيا-
تىدىكى ھېلىقى بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆز-
چە يىلەن كەلگەن چاغدا كۆرگەن، بۇ
تا ھازىرغىچە قايتىلانمىغان يا قىمى-
غانىدى.

— مېنى ئەنسىرەتمەي نېمە ئىش
بولغانلىقىنى دېسىڭىزچۇ، چىرايىڭىز
ياشقىچىلا تۇرىدۇ.

— ھېچنېمە بولمىدىم، دېدىدە.

— ياق، چوقۇم بىر كۆڭۈلسىزلىك
بوپتۇ. مېنى قىينىماي، ئېيتىڭا، مەن
ياردەم قىلالمىغۇدەك ئىش بولۇپ قالسا..

— ئەجەپ تولا گەپ قىلىدىكەنسىز! — با-
رىجان تۇنجى قېتىم مېنى شۇنداق دەپ
سىلكىۋەتتى ۋە تام مەشىنىڭ تۇۋىگە
بېرىپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ قوپاللىقى
يۈرىكىمگە چاققاندەك تەگكەن بولسىمۇ،
مەن ئۆزۈمنى يىغلىۋېتىشتىن تۇتۇۋال-
دىم. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، ئا-
دەمنىڭ كەيپى جايىدا بولمىغان چاغ-
دا گەپ خۇشياقامدۇ؟ بەربىر دەي-
دىغۇ، كۆزىگە كىرىۋالغىنىم قاملاشمى-
غان ئىش - تە.

— مەن ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ ئىن-
تىنسىز چاي دەملىدىم.

— شۇ كۈنى كەچكى غىزا يېمىدىمۇ، شۇ
ئاخشىمىمۇ تۇنجى قېتىم كۆڭۈلسىز
ئۆتتى. بىز پاراڭمۇ قىلىشمىدۇق. ئۇ
كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆ-
رۈلۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. مەن
ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قىينالدىم. مېنىڭ
ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. كاللامغا ئاللى-
قانداق بىمەنە، قورقۇنچلۇق خىيال-
لار كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆرۈلگەن-
دە يۈرىكىم ئاغدۇرۇلاتتى.

— ئەتىسىمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتى ئوڭ-
شالمىدى. كەچتە بولسا يېرىم كېچى-
گە يېقىن قايتىپ كېلىپ مېنى يەت-
كۈدەك ئەنسىرەتتى. بۇنداق ئىش كې-
يىنكى چاغلاردا بىر نەچچە قېتىم يۈز
بەرگەن، ئەمما ئۇ قايتىپ كەلگەندە
ئەيىبكارلارچە كۈلۈمسىرەپ: «كەچۈرۈڭ
ماھىرە، ئىدارىدىنىڭ ئىشى بىلەن كەچ
قالدىم» دەيتتى؛ ئۇنى ساق - سالامەت
كۆرۈشۈم بىلەنلا يۈرىكىم جايىغا چۈ-
شەتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرىشىنى
كۆرۈشۈم بىلەنلا رەنجىشلىرىم ئۇنتۇ-
لاتتى. بىراق ئۇ بۇ قېتىم ئۇنداق
قىلمىدى.

— مەن تەقدىرىمنى خۇشاللىق بىلەن
بارىجانغا باغلىغان چېغىمدا، ماڭا
ئۆمۈر بويى كۆڭۈلسىزلىكلەر يولۇقماي-
دىغاندەك، كۆڭۈللۈك ھايات مەڭگۈ
ھەمراھ بولىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى.
مەن بارىجانىنىڭ چىرايى مەن ئۈچۈن
مەڭگۈ ئوچۇق بولىدۇ دەپ ئويلىغانىد-

دىم. ئەمدى بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟ ئۇ مېنىڭدىن رەنجىگەنمىدۇ؟ بىراق ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنى رەنجىتكۈدەك سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم. يۈرىكىم سىقىلماقتا، ئىچىم تىتىلدىماقتا. ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى چۈشىنەلمەيدىغاندۇ؟

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ماڭغۇچە مېنى قۇچاقلىدى ۋە:

— چۈشتە كۆرۈشەيلى، — دەپ سۆيۈپ قويدى. مەن تېخىمۇ تېڭىرقاپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى غەلىتىلىك تۈگىگەنىكەن، ماڭا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىنمۇ، بۇ چىگىش تېپىشماقنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، كۆڭۈلسىز خىياللاردىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم.

ئۇ چۈشتىمۇ، كەچتىمۇ ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئامراقلىق بىلەن مېنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىمنى سىلاپ قوياتتى، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ مېنى كۈلدۈرەتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ يەنىلا كۆڭلى جايىدا ئەمەسلىكىنى، تاماقنىمۇ كۆڭۈللۈك يېمىگەنلىكىنى سېزىپ قالدىم. بۇ مېنى تېخىمۇ قىينىدى. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ساڭا بولغان ئامراقلىقىدا قانداقتۇر بىر خىل ساختىلىق ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالساڭ، بۇ سېنى ئازابلىمامدۇ؟

مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم: مەيلى ئۇ يەنە سىلكىۋەتسۇن، ھەتتا تىللىسۇن، مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىماي قويمايمەن.

مەن كەچلىك تاماقنىڭ قاچا - قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاممەشىنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ياتقان بارنىجاننىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بېشىنى تىزىمغا ئېلىپ قاپقارا، قويۇق چاچلىرىنى قولۇم بىلەن تاراشقا باشلىدىم. ئۇ راھەتلىنىش ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى.

مەن سۆزنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىمدا، ھويلا ئىشىكى ئالدىدا ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى. بارنىجان قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، چىرايى بىر خىل ئېچىنىشلىق قىياپەتكە كىرىپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. بىردىنلا كاللامغا: «ساقچىلار!» دېگەن ئوي كەلدى، مەن ھوشۇمدىن كېتىشكە تاس قالدىم. بارنىجان بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان، ئەمدى ساقچىلار تۇتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دېگەن ئوي مېنى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ جايىمدىن قىمىرلىيالماس قىلىپ قويدى. ئۇ نېمە ئىش قىلغاندۇ؟ ياق، ئۇنىڭدىن ھېچبىر يامان ئىش چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسكىلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ساقچىلار خاتالاشقان، مەن ئۇلارغا دەيمەن، بارنىجاننى ئاقلايمەن... كاللام ئارقا - ئارقىدىن ئىزدىلىپ كېلىۋاتقان خىياللار بىلەن قوچۇلۇپ كەتتى.

— ئى قېچىپ كەتمىگەندۇ؟

— قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ!

— ھويلىدا ئاڭلانغان بۇ قوپال ئاۋازلار مېنىڭ گۇمانىمنى تەستىقلاۋاتاتتى. مەن ئۆرە تۇرغىنىمچە قېتىپ قالغان يارىجاننىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدىم.

— يارىجان، جېنىم، بۇ نېمە ئىش؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ — دەپ زارلىدىم مەن. ئۇنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى.

كەلگەنلەر ئىشىكنىمۇ چەكمەي كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار بەش يالەن ئىدى. ئالدىدىكى ئۈچ يالەن ھېلىقى يەكشەنبە كەلگەن يېقىمسىز مېھمانلار ئىكەن.

— ياپىردىم، ئەر ئۆرە تۇرسا، ئايال ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىسا، بۇمۇ بىر خىل مۇھەببەت ئىكەن-دە! — دەپ كۈلدى بىرسى خىردادلاپ، — بارى، قالتىس تەلىيىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ!

— شۇڭا قاپقان دەيمىز ئەمەسمۇ بۇنى! — دېدى يەنە بىرسى.

مەن سەل ئېسىمگە كېلىپ، يارىجاننىڭ پۇتلىرىدىن ئاجرىدىم. بانايا نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم — ھە، بۇ بىزەڭلەرنىڭ مېھمان بولغۇسى كەلسە چىرايلىقچە كەلسە بولماسمىدى. بىراق يارىجان نېمىشقا شۇنچە قورقۇپ كېتىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ تېخىچە ھودۇقۇش ئىچىدە ئىدى.

— كېلىڭلار ئاغىنىلەر، ئىچكىرىگە كىرىڭلار، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئىلگىرىكىدەك يېقىملىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ تۇراتتى، ئاھاڭىدىن خۇشامەت پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— چىرايلىق گېپىڭنى قوي، ئاداش! — دېدى ھېلىقى خىرىلداق ئاۋاز — بىزنىڭ مېھمان بولغىلى كەلمىگەنلىكىمىزنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن. قانداق قىلىسەن؟ بىر دىنغا ئىنى بېرەلەمسەن يا كى كۆتۈرگىدەك نەرسىنى ئېلىپ كېتەمدۇق؟

— ئاغىنىلەر، ئەتە-ئۆگۈنگىچە بىر نەرسە دېيىشسەك بولمامدۇ، — دېدى يارىجان يېلىنغان ئاھاڭدا، — مەن ھېچ يەرگە قېچىپ كەتمەيمەنغۇ.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، بارى! قاپقىنىڭنى نېرى ئاپار. باشقا بىرسىگە ئىشلىتىپ قالار. شوپۇرسا قىلاپ قالدى. قېنى، ئاغىنىلەر، زىيان تارتساقمۇ مەيلى، ئالغۇدەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈڭلار.

ئۆي ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. ئۇلار كىيىم ئىشكابىنىڭ ئىچىدىكى كىيىملەرنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە پىرقىرىتىپ تاشلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تامدىكى گىلەم، ئۈن ئالغۇ، سافالار ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دادام بىلەن ئاپام قىلىپ بەرگەن نەرسىلەر ئىدى.

مەن ئۈندىمىدىم، كۆزۈم يارىجاندا ئىدى. ئۇ باياتىن تۇرغان يېرىدە قىمىرلىماي تۇراتتى، چىرايىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. سىرتتا خوجايىن مومايىنىڭ ۋارقىرىشى ئاڭلاندى.

— ھەي، سىلەرگە نېمە بولدى؟ كۆچۈۋاتامسىلەر؟ مېنىڭدە قالغان ئىككى ئاينىڭ ئۆي ئىجارىسىنى قايتۇرۇۋالىمەن دەم. خام خىيال قىلماڭلار.

— ھېلىقىلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى ئاڭلاندى.

— قورقىدىغان ئانا، ئۇلار كۆچمىدى، ماۋۇ نەرسە-كېرەكلەرنى كۆچۈرۈۋاتىدۇ، ھا-ھا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ۋاي قۇرغۇرلار، نېمە دەۋاتقىنىنى ئۇقۇپ بولمايدۇ بۇلارنىڭ. — دەپ كوتۇلدىدى موماي.

ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىشى ئاڭلىنىپ، بىر دەمدىن كېيىن جىمىپ قالدى.

بارنىجان بىردىنلا ئىككى تىزىغا بېشىنى قويىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

مەن ئۈن سېلىپ يىغلىشىم، بارنىجاننىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىشىم مۇمكىن ئىدي. نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم.

ئۇ يىغلىۋەتتى، ئەر كىشىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈش نەقەدەر ئازاب - ھە! مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ماھىرە. ئەمدى يۈزىڭىزگە قارىيالمايدىغان بولدۇم. مەن تۈگەشتىم، مەن تۈگەشتىم.

ئۇ بېشىنى تىزىغا ئۇراتتى، ياش تۆكەتتى.

— سىز تۈگەشسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنى قورقاتمىڭا، بارنىجان. زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئۇلار نېمىشقا بۇنچە زورلۇق قىلىدۇ؟

بارنىجاننىڭ يىغىسى توختىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە جىم بېپ كەتتى. ئاندىن كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا:

— نامراتلىق، ھەممىسى نامراتلىقتىن، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، جېنىمنى قىينىماي ئوچۇقراق ئېيتسىڭىزچۇ، — دەپ يالۋۇردۇم مەن ئۇنىڭغا يېپىشىپ.

— ئېيتاي دېسەم سىزدىن خىجىل بولىمەن، ئېيتماي دېسەم سىزنى قىيناپ قويىمەن، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ ئاھاڭدا، — توي قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن قەرز ئالغانىدىم...

— قەرز؟ ئاپامنىڭ ماڭا ئاتاپ يىغقىنى ئىدىكەن دېگەنتىڭىزغۇ؟ — دەۋەتتىم مەن ھەيران بولۇپ. ئاشۇ 1000 يۈەننىڭ قانداق پۇل ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خېتىدىمۇ يېزىلغان، قېيىن ئانامۇ شۇنداق دېگەنىدى.

— بۇ... بۇ...، — بارنىجان دۇدۇقلاپ قالدى، ئارقىدىنلا ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئەر كىشىمەن. ماھىرە، غۇرۇرۇم بار ئەر كىشىمەن. بىر تىيىننىمۇ پۇلۇم يوق دېيىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېپىپ ئاخىرى بايىقىلاردىن قەرز ئالدىم. سىزگە بۇ ئازغىنە پۇلنى قەرز ئالدىم دېيىشكە قانداق يۈزۈم چىدايدۇ؟ شۇڭا يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىز ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلارنىڭ قىستاۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولدى، لېكىن نەدىن ئامالىنى قىلىمەن؟

بارنىجانغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىچارە شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە قانچىلىك ئىچكى ئازاب تارتقاندۇ - ھە. بۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن بولغان. ئۇنىڭ ئاشۇ مۇھەببىتى ئالدىدا بۇنچىلىك زىيان مېنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئىش ئىدى؟!

مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ياسىدىم. لېكىن، مېنىڭ بىر ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، قانداقلا دېگەن بىلەن كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. چۈنكى ئۆيىنىڭ ئىنچى

مۇۋۇلداپ قالغانىدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە قالغان بىر ئۇستەل بىلەن بىر كارىۋات ئۈستىدە كىيىم - كېچەكلىرىمىز چېچىلىپ ياتاتتى. بۇنى قانداقمۇ ئۆي دېگىلى بولسۇن؟ مەن بارىجاننىڭ مېھمانلىرىنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. بىر - بىرىگە مۇھەببەت قويغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ۋەيرانە قىياپىتىنى كۆرسەتكىسى كېلەمدۇ؟ مەن قانداق قىلسام بولار؟ مەن كىيىم - كېچەكلەرنى رەتلەۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدىم. ئاتا - ئانام ئېسىمگە كەلدى، بۇ ھالەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن يەنە ئۇلارغا ئېغىز ئېچىشىم كېرەكمۇ؟ قانداق ئېغىز ئاچارمەن؟ ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈچۈن قىلغىنى ئازمۇ؟ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرسى ماڭا ئۇلارنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ نەرسىلەر يوق.

بۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭا تېخىمۇ ئەلەم قىلىدىغان ئىش يۈز بەردى: تۇيۇقسىز ئاپام كېلىپ قالدى. بالدۇرراق كەلگەن بولسىدى، ئۇ مېنىڭ بەختلىك، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمنى كۆرگەن، قىزىدىن خاتىرجەم بولغان بولاتتى. ئەمدىچۇ، مەن ھازىرمۇ بەختلىكمەن، لېكىن مېنىڭ سۆزلىرىم، كۈلكەم ئۇنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرەلەمدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چوقۇم قۇپقۇرۇق ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنىڭ بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ.

مەن ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدىم. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئاپام مېنى قۇچاقلاپ: «جېنىم بالام، بارمۇسەن؟» دەپ يىغلىۋەتكەندىلا ئېسىمگە كەلدى.

زاھىرە، بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە توغرىسىدا كۆپ يازغۇم كەلمىدى. ئىشقىلىپ، ئاپام ئۆي ئىچىنى كۆرگەندىن كېيىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك ماڭا قاراپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرگىنىمنى ئۇقمايمەن، لېكىن ئاپام خۇددى ھەممىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى چايقايتتى، ئۇھ تارتاتتى. ئۇ بارىجاننىمۇ تۈزۈك چىراي ئاچمىدى. بىراق يەنىلا مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان قىزىغا ئىچى ئاغرىغان بولسا كېرەك، تاپا - تەنىمۇ قىلمىدى. ئۇ مېنىڭ يالۋۇرغىنىمغا قارىماي ئەتىسىلا قايتىپ كەتتى. بىراق بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاتا - ئانامدىن 1000 يۈەن پۇل كېلىپ قالدى. مېنىڭ قەدىردانلىرىم، يەنىلا ماڭا چىدىماپسىلەر - دە، دەپ يىغلىدىم مەن ئىچىم سىيرىلىپ.

ئاشۇ پۇل بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئىچىگە يەنە بىر ئاز ئىسكەت كىرگۈزۈۋالدۇق. بارىجان: «خىجىلمەن زاھىرە، مەن بىر ئەر كىشىگە ئوخشىماي قالدىم» دېگەن سۆزنى تولا تەكرارلايتتى. ماڭا بولغان ئامراقلىقىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. بىراق نېمىشقىدۇر بۇ ئامراقلىق بەزىدە ياسالمىلىقتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ماڭا نېمە بولدى؟ مەن نېمىشقا بۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندىمەن؟

12

زاھىرە، بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە خېتىمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. راستىمنى ئېيتسام، كۆڭلۈم غەشلىكتىن زادى قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىرھەپتە بۇرۇن يۇرتتىن كەلگەن بىر قوشنىمىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

— ئەجەب ياخشى ئۇچراپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، — نەدىن ئىزدەپ تاپارمەن دەپ يۈرەتتىم. ئاپىڭىز بۇ خەت بىلەن ماۋۇ يۈز كوي پۇلنى بەرگەنىدى. ئۇلار سىزدىن خەت كەلمەيۋاتىدۇ دەپ ئەنسىرىشىۋاتىدۇ. ئاتا - ئانا دېگەننى ئۇنتۇپ قالمىسۇلۇق جۇمۇ!

مەن ھەيران بولدۇم. مەن ساڭا خەت يازمىغىنىم بىلەن، ئاتا - ئانامغا ئون كۈندە بىر قېتىم خەت يېزىپ تۇرغانىدىم. يازغان خەتلىرىمنى بارنىجان پوچتىغا سېلىپ تۇراتتى. ئاپاملار خەتلىرىمنى تاپشۇرۇۋالمىغانىدىمۇ؟

قوشنىمىزغا بۇ سۆزلەرنى قىلىشنى لايىق تاپمىدىم. ئۆيگە بېرىشقا زورلىسام ئۇنىمىغان قوشنام بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىراپ ئۆيگە كەلدىم. ئاپام خېتىدە بىر ئايدىن بۇيان مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلىدىن ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى، ھەتتا چۈشلىرى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنىمۇ يازغان، بىر ئاي ئىلگىرى ئەۋەتكەن 150 يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان - ئالمىغانلىقىمنى سورىغانىدى. كېيىنكى سوئال مېنى تېخىمۇ تەئەججۇپلەندۈردى. دادام - ئاپاملار ئەۋەتكەن خەت - چەكلەر بارنىجاننىڭ ئادرېسىغا كېلەتتى. ئىشتىن قايتىپ كەلگەن بارنىجانغا خەتنى كۆرسەتتىم. ئۇ خەتكە نېرى - بېرى كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ ئۈستەلگە تاشلاپ قويدى، پۇلغا بولسا قاراپمۇ قويمىدى.

— ئۆتكەنكى خەتلىرىمنى پوچتىغا سالمىغانسىز، بارنىجان؟ — دېدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن.

— پوچتىغا سالماي، ئەخلەت تۇڭىغا سالامتىم، — نېمىشقىدۇر ئۇ قوپال تەگدى، — ئىشەنمىسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىز سېلىڭ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — مەن ئىختىيارسىز ئۆكۈردۈم، — تاسادىپىي ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ سوراۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپام ئەۋەتكەن پۇل...

— مەن خەجلىۋالدىم، بولدىمۇ؟ — دېدى بارنىجان ماڭا ئالىيىپ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا غىدىل - پىدىل پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەن خۇدۇقۇش ئالامىتىنى سېزىپ قالدىم، — ئۇنداق پارچە - پۇرات پۇللارغا نەزەرىمنى سالمىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. مېنى ئوغرى كۆرۈۋاتامسىز؟

بۇ بىر تەتۈرلۈك، يەنە كېلىپ قەستەن قىلىۋاتقان تەتۈرلۈك ئىدى. مەن جىمىپ قالدىم، لېكىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاپامنىڭ خېتىگە بولغان پەرۋاسىز مۇئامىلىسى، پىكاردىن - پىكار قىلغان قوپاللىقى ماڭا غەلىتە بىلىندى. ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى. «پارچە - پۇرات پۇللار» دېگىنىچۇ تېخى!

150 يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىمغا ئىچىم ئېچىشمىدى، بىراق بارنىجاننىڭ ھېلىقى خۇدۇقۇش ئالامىتى

خىيالىمدىن كەتمەي، كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويدى. «ئۇ...» ـ دەپ ئويلىدىم مەن بىئارام بولۇپ، ـ ياق، ياق، نەدىكى يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن گۇمانلانغۇدەك نېمە ھەققىم بار؟» ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ تۇرساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمدىكى شۈبھە مېنىڭدىن نېرى كەتمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۆزىنىڭ قوپاللىقى ئۈچۈن مېنىڭدىن ئەپۇ سورىغان ۋە ئوتلۇق سۆيۈشلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ھاياجانلىق مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، غەشلىك يەنە بىزەڭلىك بىلەن كۆڭلۈمنى ئورنىۋالدى.

ئۇلۇشكۈن چۈشتىن كېيىن، مەن كۆكتات ئالغىلى چىقىپ قايتىپ كىرىشىمگە، خوجايىن مومايي ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقاردى. بۇ غەلىتە موماي ئۆي ئىجارىسى تاپشۇرۇلغان ئالتە ئايلىق مۆھلەتنىڭ توشۇشىغا تېخى 20 نەچچە كۈننىڭ بارلىقىغا قارىماي، ھەر كۈنى دېگۈدەك كېيىنكى يېرىم يىلنىڭ ئۆي ئىجارىسىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھازىرمۇ يەنە شۇ گەپنى قىلىدىغاندۇ ھەقاچان.

مەن ئالدىراپ ئىنچىكلىق سورىدىم ۋە ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

ـ ماھىرەخان، ھېلى بىرسى ماۋۇ خەتنى بېرىپ قويۇپ كېتىپ قالدى، ـ دەپ بىر كونۋېرتنى ماڭا ئۇزاتتى خوجايىن موماي.

ـ رەھمەت ئانا، ـ دېدىم مەن كونۋېرتنى ئېلىپ ۋە سىرتىغا قارىدىم. يۇرتتىن بىرسى ئەكەلگەن خەت بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن كونۋېرت ئۈستىگە بىر خەتمۇ يېزىلمىغانىدى.

ـ سوغۇقتا قاراپ تۇرماي، ئۆيىڭىزگە كىرىپ ئوقۇڭ، ـ دېدى موماي ھاسىراپ ۋە ئىشىكنى «تاققىدە» ياپتى.

مەن ئۆيگە كىرىپ سومكىنى قويدۇمدە، كونۋېرتنى ئالدىراپ ئاچتىم: ناتونۇش يېزىق. مەن خەتنىڭ ئاخىرىغا قارىدىم، خەت ئىمزاسىز ئىدى. مەن ھەيرانلىق نەزىرىم بىلەن خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم.

«ماھىرە، سىز مېنى تونۇمايسىز، ئەمما مەن سىزنى تونۇيمەن، ـ خەت شۇنداق باشلانغانىدى. ـ مەن سىزنى بارنىجان بىلەن كېتىۋاتقىنىڭىزدا بىر قانچە قېتىم كۆرگەن ۋە باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئىسمىڭىزنىمۇ بىلىۋالغانىدىم. شۇ تاپتا سىز مېنى كىمدۇ دەۋاتقانسىز. ئەگەر بارنىجان سىزگە مېنىڭ ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرمىسە، كىملىكىمنى بىلەلمەيسىز. چۈنكى خەتكە ئىسمىمنى يازمىدىم.

بۇ تاققا-تۇققا سۆزلەرنى ئوقۇغىنىڭىزدا ھەيران بولۇشىڭىز چوقۇم. مەن بۇ خەتنى يازغۇچە كۆپ ئارىسالدا بولدۇم. ئەسلىدە مەن بۇ خەتنى يازماسلىقىم، سىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىڭىزغا (ئۇمۇ بادا سىز شۇنداق دەپ قارىسىڭىز) ئۆزۈمنىڭ كۆلەڭگىسىنى چۈشۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن دەردىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم. يەنە كېلىپ، سىزدەك بىر گۈزەل قىزنىڭ شېرىن سۆزلىرىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقىنىنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم ئېچىشتى.

مەن سىزنى كۆرگەن چاغلىرىمدا،

سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن بەخت نۇرلىرىنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىغانىدىم. بىر چاغلاردا مەنمۇ بەخت نۇرىغا چۆمۈلگەن قىز ئىدىم. بىراق ھازىر مەن بىر بەختسىزمەن. ئېھتىمال سىز بۇ بەختسىزلىكنىڭ سىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغانسىز...»

مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەلمەي قالدىم. خەت يازغۇچى بىر قىز ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى بارىجانغا باغلاۋاتىدۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ مەن بارىجاننىڭ سۆزلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم: «ماھىرە، مەن سىزدىنمۇ بەختلىكمەن. چۈنكى مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم. مەن شۇ چاغقىچە بىرەركىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، بىرەركىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان...»

مەن خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا ئالدىرىدىم.

«يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا، بۇ خەت چوقۇم ئالجىپ قالغان بىرسى يازغان خەت ئىكەن دەپ ئويلارسىز. بارىجان مېنىڭدىن ئۆزگە ھېچكىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان دەرسىز. ئۇنىڭ سىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. چۈنكى ئۇ قىزلارغا قانداق گەپ قىلىشنى بىلىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ قەسەملىرىگە ئىشەنگەنىدىم. ئەپسۇسكى، كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى (ئەگەر مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان بولسا)، ھەتتا ئىككىنچى، ئۈچىنچى... مۇھەببىتىمۇ ئەمەسلىكىمنى ئۇققانىدىم. بىز قىزلار تولىمۇ ساددا كېلىدىكەنمىز، ھەتتا بەزىدە باشقىلارنىڭ سۆزى يالغان ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرساقمۇ، ئىشىنىشنى خالايدىكەنمىز. ئۆزىمىزنىڭ چىرايلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپلا قالماي، بىز ياخشى كۆرىدىغان، بىزنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىمىزنىڭمۇ نۇقسانسىز چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز. خام خىيال بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ئارزۇ بىزنى ئاسانلا تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدىكەن.

مەن بۇ خەتنى يازغۇچە نۇرغۇن ئارىسالدا بولدۇم. لېكىن، ئاخىرى يەنىلا يېزىش قارارىغا كەلدىم. بۇنى بەلكىم بىر خىل ئىچى تارلىق دەپ ئويلاپ قالارسىز، مەيلى سىز قانداق ئويلىسىڭىز ئويلاڭ، مەن بۇ خەتنى سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن. ئەگەر سىز ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇمۇ سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرگۈدەك بولسا (مەنمۇ ئۇنىڭ بىرەرسىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن)، مېنىڭ بۇ خېتىم تۇرمۇشۇڭلاردىكى بىر كۆڭۈلسىز قىستۇرما بولۇپ، مۇھەببىتىڭلارنىڭ كۈچى بىلەن تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتەر.

مەن خېتىمنى ئۇزارتىپ، بارىجان بىلەن بولغان «مۇھەببەت» كەچۈرمىشلىرىمنى تولۇق بايان قىلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى بۇلار ماڭا بىر قاباھەتلىك چۈشتەك بىلىنىدۇ. بەزىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا بىر چۈش بولۇپ قالسا دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بىراق، بۇ چۈش ئەمەس، بەلكى قەلبىمگە ئۆمۈرلۈك جاراھەت سېلىپ كەتكەن

بىر رەھىمسىز رېئاللىق!

ماھىرەم، مەن سىزدەك چىرايلىق ئەمەسمەن. بىزدەكلەرنى كىشىلەر ئەسىق چىراي دەپ ئاتىشىدۇ. بىراق بارىجان مېنى چىرايلىق دېگەندە، مەن بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشنى بەخت دەپ ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنى چىرايلىق دەپ بىلگەن، شادلىق قايىنىمىغا چۆمگەنىدىم.

مەن ھال-ئوقىتى خېلىلا ياخشى بىر ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. بارىجان بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانىدىم. كېيىن ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرى مېنى مەست قىلغان، ھەتتا قىزبالا بولۇشۇمغا قارىماي، ئىككىمىز بىللە سەيلە قىلغان چاغلاردا ئايىماي پۇل خەجلىشىمۇ ماڭا غەلىتە بىلىنمىگەنىدى. ئۇ مېنىڭ بىلەن «مۇھەببەت» لىشىپ بىر ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەي 500 يۈەن پۇل سورىغانىدىمۇ، بىر ئوغۇل بالىنىڭ قىز بالىدىن قەرز سورىشىنىڭ نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن، ئاتا-ئانامدىن سوراشتىن خىجىل بولۇپ (ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش تەس ئىدى)، خەقتىن قەرز ئېلىپ بەرگەنىدىم.

دادام سودىدا زىيان تارتىپ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. بارىجان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا مېنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. مەن يالۋۇردۇم، يىغلىدىم، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىنى، ئوتلۇق ۋەدىلىرىنى ئەسلەتتىم. لېكىن ئۇ زادىلا ئېرىمىدى، ھەتتا مېنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگىگەن بولدى. ماڭا قالغىنى چەكسىز ئازابتىن ئىبارەت بولدى. مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىشىۋەتكەنلىكىمنى دېمەمسىز، ئۆزۈمنىڭ يەڭگىلتەكلىكى تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئىش تۇرسا، ئەمدى كىمگە دەردىمنى ئېيتاي. ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىدە بۇ ئىشتىن تېنىۋالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ!

مەن بەدەل تۆلىدىم، بۇ مېنىڭ نادانلىقىمدىندۇر. لېكىن ھېلىقى پۇلنىڭ ئىشىچۇ. ئۇ مېنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن مەن يەنە ھەق تۆلىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پۇل خەقنىڭ تۇرسا.

مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىش ھەققىدە نەچچە قېتىم خەت يازدىم، بىراق ئۇ جاۋاب بەرمىدى. يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ باقاي دېدىم، ئۇ زادى تۇتۇق بەرمىدى. ئادەمنى بۇنداقمۇ بوزەك ئەتكەن بارمۇ؟ ئاخىرى ئاچچىقىمغا چىدىماي بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىز ئۇنىڭ ئايالى، سىز بۇلارنى ئۇقۇشقا ھەقلىق.

نېمە دېمەكچى بولغىنىم سىزگە ئېنىق بولغاندۇ؟ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. بۇنداق ئىشتا بىز قىزلار بارىجاندەك (ئەر) لەرگە قارىغاندا غۇرۇرلۇق كېلىمىز.»

مەن خەتنى غىجىملىغىنىمچە ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. نېمىلەرنىدۇر ئويلىماقچى بولاتتىم، لېكىن ئويلىيالمايتتىم. گاللام گاراڭ بولۇپ، قۇلاقلىرىم ۋىڭىلدايتتى.

زاھىرە، جېنىم دوستۇم، مېنىڭ قايسى گۇناھىمغا كەلگەن كەلگۈلۈك بۇ؟! مەن ئالدانغانمۇ؟ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يارىجانىنىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ، پارلاپ بالىرا خۇنۇكلىشىپ كەتتى. شۇ ئولتۇرغىنىمچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. يارىجاننىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيماپتىمەن. «نېمە بولدىڭىز، ماھىرە؟» دەپ يېنىمغا كېلىپ مېھرىمەدىن قۇچاقلىغاندىلا ئېسىمگە كەلدىم ۋە بىر خىل يىرگىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتىغۇ؟ — بىردىنلا ئۇ قولۇمدىكى كونۋېرتنى كۆرۈپ قالدى. — نېمە، داداملاردىن خەت كەلدىمۇ؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بوپتۇمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىلىك ئاھاڭلىرى، ھودۇقۇشلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە ياسالمىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مەن ئۈندىمىدىم. ئۇ خەتنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى-دە، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. پېشانىسىدىن تەر تەپچىدى. بۇ خەتتە يېزىلغانلارنىڭ راستلىقىنى دەلىللەيتتى. مېنى يىغا تۇتتى.

تويۇقسىز يارىجان قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. مەن بۇ كۈلكىدىن چۆچۈپ ئېتىمنى كۆتۈردۈم-دە، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدىم.

— سىزنى قىيناپ بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە مۇشۇ تۆت ئۇقۇمسىز خەتمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا، — خەت تەككەنلەرگە ئىشىنىدىغانمۇ؟ مۇشۇ قۇرۇق گەپلەرگە-ھە!

مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئۇنىڭ كۈلكىسى تەبىئىي ئىدى. بەلكىم مەن خەتتە يېزىلغان ئىشلارنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بىلىنگەندۇ.... بىر ئاز مەن سىزگە بىردىنلا سۆزلەپ بەرسەم بوپتىكەن، مەن تېخى سىزنىڭ ھەرقانداق چاغدا ماڭا ئىشىنىدۇ، بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلاپتىمەن، — يارىجان يېنىمدا ئولتۇرۇپ قوللىرىمنى سىلىدى، مەنمۇ قولۇمنى تارتىۋالمىدىم، — مانا قول، مەن سىزگە بۇ كۈلكىلىك ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ خەتنى يازغۇچى مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى راست، لېكىن مەن ئۇنى قىلچە ياخشى كۆرمەيتتىم، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلىشىپ باققىنىممۇ يوق. ئۇ ئارقامغا كىرىۋالدى، مەن نەدە بولسام، ئۇمۇ شۇ يەردە پەيدا بولاتتى، سىز كەلمەكچى بولاتتى. مەن قاتتىق بىزار بولدۇم، قانداق قىلسام ئۇنىڭدىن قۇتۇلالايمەن؟ سىلكىۋېتەي دېسەم، ئۇ بىر قىز بالا ئەمەسمۇ. ئاخىرى ئۇنى كۆڭۈلسىز قىلمىش خىيالىمغا كېلىپ، پۇل سورىدىم. بىراق، نەدىن بىلەي، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ بوپتۇ، ئالسام ئېلىپ تۇراي، بىرەر ھەپتىدىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرەرمەن دېدىم. بۇ ئامالىمۇ ئەسقاتمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. دەسلەپتە ئۇ يالۋۇردى، كېيىن بولسا، مەن سېنىڭ بەختىڭنىڭ بولۇشىنى بىر كۆرەي، قاراپ تۇر، مەن بىر كۆلەڭگۈ بولۇپ سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن دەپ قورقۇتماقچى بولدى. مېنىڭ كارىم

بولمىدى. ئۇ راستىنلا كۆڭلى پەس قىز ئىكەن-دە! ئاخىرى مۇشۇنداق خەتنى يېزىپ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى، بەختىمىزنى نابۇت قىلماقچى بوپتۇ!

بۇ نېمىدېگەن يوللۇق، نېمىدېگەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر-ھە! مېنىڭ بارىجانغا ئىشەنمەسلىككە نېمە ھەددىم بار؟ مەن ئاشۇ قىزدىن نەپرەتلەندىم...

— بۇ دېگەنلىرىڭىز راستمۇ؟ — دېدىم مەن بارىجانغا يۆلەنگەن ھالدا ئەركىلەپ.

— قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم.

— بولدى، ئىشىنىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىگە مېھرىم بىلەن تىكىلىپ، — مېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىسىز-ھە؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟!

— بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز-ھە؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟!

قەلبىمدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل شېرىن ھېسسىيات داۋالغۇپ ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى، لەۋلىرىم ئۇنىڭ لېۋىگە چىڭ يېپىشتى. ئاشۇ مۇھەببەتلىك ئاخشاملاردىكى لەززەتلىك مىنۇتلار مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. چۈنكى، بارىجان ئالىمقانداق شېرىن ھېسلارنى ئويغىتىدىغان سۆيۈشنى، ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىۋېتىدىغان قۇچاقلاشنى بىلەتتى. ئۇ كېلىشكەن يىگىت بولۇپلا قالماي، دىلنى ئېرىتىدىغان شېرىن سۆزلەرنى قىلالايدىغان يىگىت ئىدى.

بىردىنلا ھېلىقى خەتتە يېزىلغان پۇلنىڭ گېپى يادىمغا كېلىپ قالدى.

مەن بارىجاننىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ، ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— ھېلىقى پۇلنى قانداق قىلدىڭىز؟

— قايسى پۇلنى؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى بارىجان.

— خەتتە يېزىلغانىچۇ؟

— بۇ... بۇ...، — بارىجان دۇدۇقلاپ قالدى، ئاندىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، خىجىل بولغان قىياپەتتە سۆزلىدى، — شۇچاغدا يېرەۋ ھەپتىدىن كېيىن بېرىۋېتەرمەن دېگەنىدىم. ئاكغۇچە بىر ئاغىنەم پۇل سوراپ قالدى، يۈز كېلەلمەي...

— ئۇنداق بولسا ھازىرغىچە قايتۇرۇۋەتمەپسىز-دە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ. بۇ پۇلنىڭ بارىجاننى ھېلىقى قىز بىلەن تېخىچە باغلاپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، ماھىرە، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئەيپىچىپ، — قەرزنى سوۋىلىمەك قىيىن، يا ئۇ ئاغىنەم ئۆزىنى بىلمىدى، يا چىش يېرىشقا مېنىڭ يۈزۈم چىدىمىدى.

— سىزنىڭ ئۇ قىز بىلەن كىچىككىنە ئالاقىڭىزنىڭمۇ قېلىشىنى خالىمايمەن. بۇ ماڭا بىر ئازاب بولىدۇ، بارىجان. مانا مەڭ، بۇنى سېتىپ پۇلنى بېرىۋېتىڭ. ئەمما بۇنىڭ ئۆزىنى بېرىپ يۈرمەڭ. مېنىڭ قولۇمدىكى نەرسىنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىر قىزنىڭ قولىدا بولۇشىنى خالىمايمەن! — مەن شۇ سۆزلەرنى دېدىم-دە، بارمىقىمدىن ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئاپام تويدا بۇ ئۈزۈكنى: «بالام، بۇ

ئاپپامدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى، «ئوبدان ساقلىغىن» دەپ قولۇمغا سېلىپ قويغانىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا قىلچە تارتىنماي ئولتۇرمىدىم.

— ياق - ياق! — ئالدىراپ سۆزلىدى بارنىجان، — مەن بىر ئوغۇل بالا. ئۇنىڭسىزمۇ سىزگە، ئاتا - ئانىڭىزغا سالغان ئېغىرلىقىم ئازمۇ! ھەرگىز ئالالمايمەن، مېنى خىجىل قىلماڭ، ئۆزۈم بىر ئامال قىلارمەن ...

— ئالمىسىڭىز رەنجىيمەن. سىز دائىم ئىككىمىز بىر ئادەم دەيتتىڭىزغۇ. بۇ كۆڭۈلسىزلىك مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتسىلا بولدى. سىز نەدىن ئامال قىلاتتىڭىز! — دېدىم مەن بارنىجاننىڭ ھېلىقى «ئاغىنە» لىرىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ماشىنىغا پېسىپ ئەكەتكەنلىكىنى ئەسلەپ.

— مېنىڭ ئۈچۈن جىق قۇربان بەردىڭىز، جېنىم، — دېدى بارنىجان ئىككى ئالقىنىمنى يۈزىگە يېقىپ بىچارە ئاھاڭدا، — مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى ھەممىلەپ قايتۇرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يۈزىنى ئاۋايلىق بىلەن سىلاپ، — ماڭا سىز كېرەك، سىزنىڭ چىن مۇھەببىتىڭىز كېرەك. سىز مېنى راستتىنلا چىن قەلبىڭىزدىن ياخشى كۆرسىڭىز، ھەر قانداق ئېغىر كۈنلەرگىمۇ چىدايمەن، بارنىجان!

شۇ كېچىسى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىمىدۇق. كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر بىزنىڭ پىچىرلىشىشلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى بولدى.

زاھىرە، ئەتىسى ئاخشىمى بارنىجاننىڭ كەچ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغانىدا، يېقىنغىچە ھەر ئاخشىمى ئىشتىن ۋاقتىدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. نېمە بولدىكىن، يېقىنقى كۈنلەردە يەنە يېرىم كېچىدە كېلىدىغان بولۇپ قالدى، كەيپىياتىمۇ تازا جايىدا ئەمەس، تۇرۇپ - تۇرۇپلا چېچىلىپ قالىدۇ. ماڭا گويا ئىلگىرىدىكى خۇشخۇي بارنىجان غايىب بولۇپ كېتىۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ھېلىقى «ئاغىنە» لىرى، ئۇلارنىڭ غەلىتە سۆزلىرى، ئاتا - ئانام ئەۋەتكەن، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان خەت ۋە پۇللار، ھېلىقى قىزنىڭ خېتى پات - پاتلا ئېسىمگە چۈشۈپ مېنى ئازابلايدۇ. «بارنىجان مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي چىۋىندەك چاپلىشىۋېلىپ مېنى بىزار قىلىدۇ. «ياق، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ چىن مۇھەببەتكە شەك كەلتۈرۈشكە نېمە ھەققىم بار؟» دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ باقىمەن. لېكىن، يەنە شۇ كۆڭۈلسىز خىياللار نېرى كەتمەيدۇ.

كۆڭلۈم ئەنسىزچىلىكتە، قانداقتۇر بىر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. مانا، بۈگۈنمۇ يېرىم كېچە بولدى، ئۇ تېخى يوق. دوستۇم، خەتنى داۋاملاشتۇرالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

13

زاھىرە، شۇكۈنى ئۇ راستتىنلا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن پەرىشانلىق، ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قارايسىزغۇ، — دېدى ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن، — كەچ قالدى دەپ خاپا بولۇۋاتامسىز؟ دوكلات قىلىپ قوياي، ئىدارىدا دېجورنى بولدۇم.

ئۇ يېقىندىن بۇيان ماڭا شۇنداق زەھەرلىك كەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغانـدۇ؟ مېنىڭ رەنجىتىپ قويغان يېرىم بارمۇ-يا؟ ئويلاپ-ئويلاپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم. يېقىندا ئۇ يەنە سودىـگەرلىك، دادامىلارنىڭ پۇلىنى دەسمايە قىلىش ھەققىدە كەپ قىلىۋىدى، مەن قوشۇلمىغانىدىم. شۇنىڭغا رەنجىگەنـمىدۇ؟ لېكىن، رەنجىگۈدەك نەرى بار؟ دادامىلارنىڭ بىزگە بەرگىنى ئازمۇ؟

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرـماي چاي دەملەشكە كىرىشتىم.

— بۈگۈن مېنى بىرسى ئىزدەپ كەلمىگەنىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئۇ قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ئوچاققا قاخلاۋېتىپ.

— ياق، ھېچكىم كەلمىدى. بىرسى كەلمەكچىمىدى؟

— ياق، ئەمدى دەيمىنا...— شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىـلىپ قالدى.

ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپلا يېتىۋالـدى. مەن ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ھېلىقى كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن باريجاندىكى ئۆزگىرىش ماڭا ئارام بەرمەيتتى. مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، مېنى يىغا باساتتى، ۋەھىمىلىك ئەنسىز خىياللار يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا كەتكىنىچە چۈشتىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەتكەن تامىقىم شۇ پېتى قالدى. مېنىڭمۇ كېلىمىدىن تاماق ئۆتمىدى.

ئادەتتە ئۇ چۈشلۈكى قايتىپ كېلەتتى، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ ماشىنىلارنىڭ ئەنسىز گۈركىرەشلىرى بىلەن كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق خىياللار پەيدا بولاتتى، قولۇم ئىشقا بارمايتتى، پات-پات سىرتقا چىقىپ يولغا قاراپ باقاتتىم.

كەچ كىردى. ئادەتتە ئۇ ئاخشىمى سائەت ئالتە يېرىمدا قايتىپ كېلەتتى. لېكىن سائەت يەتتە يېرىم بولۇپ كەتتى، ئۇ تېخىچە يوق. مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن كىيىمـىمنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ باقماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا ھويلا ئىشىكى غىچىلدىدى.

— «ئۇ كەلدى!» مەن ئىشىكتىن ئېتىلـىپ چىقتىم. قاراڭغۇدا ھويلىغا كىرگەن كىشىنى تونۇيالمىدىم، ئۇنىڭ باريجان ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى.

ئۇ يىقىنلاشتى ۋە:

— ياخشىمۇسىز! باريجاننىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، سىز؟

— باريجان بۈگۈن چۈشتە ماڭا كەچتە ئۆيگە كەلسەڭ دېگەنىدى، شۇڭا كېلىۋىدىم.

— ھە، قېنى، ئۆيگە كىرىڭ.

مېھمان ئاق پىشماق، قىرلىق بۇرنى ئۈستىگە كۆزەينەك قوندۇرۇۋالـغان، قاتاڭغۇر، 30 نەچچە ياشلاردىكى كىشى ئىدى. مەن ئۇنى بىرەر يەردە كۆرگىنىمنى ئەسلىيەلمىدىم. ئەمما ئۇ باريجاننىڭ مېھمىنى ئىكەن، ئوبدان كۈتۈۋېلىشىم كېرەك.

مەن قەنت-گېزەكلەرنى تەييارلاپ، چاي دەملەشكە كىرىشتىم.

— باريجان ئادەتتىمۇ كەچ كېلەمدۇ، سىڭلىم؟ — دېدى مېھمان سائەتكە

قاراپ قويۇپ.

— ياق، كىچىككىنە ئالتە يېرىمدا يېتىپ كېلەتتى، بۈگۈن نېمە بولدىكىن،... چۈشتىمۇ كېلەلمىدى.

— چۈشتە بىز كۆرۈشكەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىيالىي خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

سائەت بەككىزدىن ئاشتى، بارنىجان تېخىچە يوق. مېھماننىڭ پات-پات سائەتكە قاراپ قويۇشلىرى، ئۇنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەنمۇ تۇرغان چىرايى مېنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى، ئەنسىرەتەتتى. «بارنىجاننىڭ نېمە قىلغىنىنىكىننە بۇ؟ — دەپ ئويلايتتىم مەن، — مېھماننى كەل دەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يوقلاپ كەتكىنىنى!»

سائەت توققۇزغا يېقىنلاشتى.

— ئەجەب كەلمەيدۇ-يا، — دېدى مېھمان يەنە سائەتكە قاراپ قويۇپ.

— يەنە ئىدارىدە دېجورنى بولۇپ قالدىمىكىن، — دېدىم مەن خىجىل بولۇپ.

— دېجورنى؟ ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدە بايىرام كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلىرىدە ئىدارە خادىملىرىنىڭ دېجورنى بولىدىغان ئىشى يوققۇ؟

بۇ سۆز يۈرىكىمگە «چاققىدە» تەگدى، مەن ئۇچۇقۇپ كەتتىم. نەچچە چاغدىن بۇيان بارنىجان ماڭا يالغان ئېيتىپ كەلگەنمىدۇ؟

— بىرەر مۇھىم ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۆزۈمدىكى ئوڭايسىزلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن.

— ھەئە، — دېدى مېھمان ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — مۇھىم ئىش ئىدى. ئۇ يەنە كەلمىسە، مەن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمەن.

— نېمە ئىش ئىدى؟

مېھمان ماڭا بىر خىل چۈشىنىكسىز نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن قىينالغاندەك قىياپەتتە قىمىرلاپ قويدى.

— ئەسلىدە بۇ ئىش ئىككى ئەركىشى ئارىسىدىلا پۈتۈپ كەتسە ئوبدان بولاتتى، سىڭلىم، — دېدى ئۇ بىر تال تاماكىنى ئوتتاشتۇرۇپ، — بوپتۇلا، دەۋەرەي، ئۆزىڭىزمۇ سوراپ قالدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا سىزنىڭمۇ چېتىشلىقىڭىز بار.

— نېمە؟ مېنىڭ؟ — مەن ھەيران بولدۇم.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — مۇنداق ئىش: بۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن بارنىجان مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. مەننىمۇ بۇ بالا بىلەن يېقىن تونۇشمۇ ئەمەس. تەگتۇش بولمىغاندىكىمەن، بىرەر يەردە ئەسرا بولۇپ مۇڭدىشىپمۇ باقمىغان. قارىسام ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن بىچارىلىق چىققىپ تۇراتتى. نېمە بولدۇڭ دېسەم، ھەي ئاكا، دەردىم تولا دەپ بېشىنى چايقايدۇ. رەڭگى-روھى تۇپتوزۇك بۇ بالىنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. قېنى، ئېيتقىنە، مەن ياردەم قىلالىغۇدەك ئىشىڭ بارمۇ دېدىم. ئۇ بىرمۇنچە ھالىنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا ئوچ كۈننىڭ ئىچىدە ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ، 1000 يۈەن سورىدى.

— نېمە قىلغۇدەك ئۇ پۇلنى؟ — دەۋەتتىم مەن چۆچۈپ.

مېھمان ماڭا زاڭلىق قىلغاندەك نەزەردە قاراپ قويدى.

— بۇنى مېنىڭدىن سورايسىزغۇ،

سىڭلىم؟ — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ھەي، سىلەر، ئايالالار! ئاجايىپ يارالغان ئىكەنسىلەر. ئۆزۈڭلارنىڭ دېگىنىڭنى قىلىش ئۈچۈن، ئەرلەرنى يامان يەرگە قىستاپ قىينايدىكەنسىلەر.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، ئاكا، — دېدىم مەن جىنى بولغىنىدىن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، — مەن نېمە قىلىپتىمەن؟

— باربىجان، ئايالىم بىر نەرسە ئالىمەن، پۇلىنى نەدىن تاپساڭ تاپ دەپ مېڭەمنى قوچۇۋەتتى، جېنىم ئاكا، بىر ياردەم قىلىۋەتكىن، ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى، يۈز كېلەلمىدىم. ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىپ يولغا سالدىم.

— ئاكا، بۇ دېگىنىڭىز راستمۇ؟ — دېدىم مەن بوغۇق ئاۋازدا.

— يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي، ھەممىسى راست.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دەۋەتتىم مەن يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ، — مەن شۇ چاغقىچە باربىجانغا بىرەر نەرسە ئېلىپ بەرگىن دەپ چىشىمنى يېرىپ باققىنىم يوق. سىز بەرگەن پۇلنىڭ گېپىنى ئېيتىپمۇ بەرمەپسىز!

مېھمان دەسلەپتە ماڭا ئىشەنمىگەندەك بىر خىل نەزەر بىلەن قارىدى، ئارقىدىن ئاستا سۆزلىدى:

— ئېيتقىنىڭىزغا ئىشەندىم، سىڭلىم، سىزنىڭ بۇ چىرايىڭىزدىن يالغان سۆز قىلالايدىغانلىقىڭىز چىقمايدۇ، — ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە ئېغىر تىنىۋەتتى، — بەس، قاپقانغا چۈشۈپتىمەن-دە، ھەي ئىسىت!

«قاپقان» دېگەن سۆز ھېلىقىلارنىڭ باربىجاننى «بارى قاپقان» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئېسىمگە سالدى. لەقەممۇ بىكاردىن-بىكار قويۇلمايدىكەنغۇ. مەن بىردىنلا نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئېلگىرى ئۇنى ئانچە-مۇنچە تاۋكاغا قاتنىشىدۇ دەپ ئاڭلىغىدىم، لېكىن شۇ پاكىز بالا، ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە يارىشمايدىغان شۇ ئىشنى قىلامدۇ دەپ ئىشەنمىگەنىدىم، — دېدى مېھمان ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — ئۇ مېنىڭدىن ئالغان پۇلدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بولمىسا، تاۋكادا توگەپتۇ-دە، ھالال ئەمگىكىم بىلەن تاپقان، تەستە تېجەپ يىغقان ۋەجىم ھارام يورۇندا توگەپتۇ!

— كۆز ئالدىمدا ئاچچىق بىر ھەقىقەت رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆز سىماسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنگىم كەلمەيتتى، ئىشەنمىشتىن قورقاتتىم، ھېلىقىلارنىڭ نەرسە-كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ئويناغان چاغدا ھەممىمىزدىن نوچىسەن، بېرىدىغان چاغدا لالما ئىتتەك غىڭشىيدىكەنسەن» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە چۈشتى. ئۇ چاغدا ئەجەب ئېرەن قىلماپتىمەن. باربىجان، مەن سۆيگەن باربىجان شۇنداق ئادەممىدۇ؟

— ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! — دەپ ھەسرەتلىك ئىڭرىۋەتتىم مەن.

— شۇنداق، ئادەمنىڭ زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ! — دېدى مېھمان ئېغىر تىنىپ، — لېكىن تۇرمۇش دېگەن مۇرەككەپ، ئادەمنى چۈشىنەك ھەممىدىن قىيىن، تولىمۇ قىيىن، ئاپام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالمىغان بولسا، بىزگىن

بۇ يەرگە كېلىپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھازىر دوختۇرخانىلار بىر ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئالدى بىلەن پۇلىنىڭ كېپىلىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەتە ئاپامنى دالىنىتسىدا ياتقۇزمىساق بولمايتتى. ئەمدى يۈزۈمنى سارغايتىپ نەگىمۇ بارارمەن؟ يارىجان ماڭا كەچتە ئۆيگە بېرىپ پۇلنى ئېلىۋال دېگىنى بىلەن، مېنىڭدىن قېچىپ ئۆيگە كەلمىدى ھەقاچان. مەن كېتەي، كېيىن سۆزلىشىۋالارمىز.

مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا توختاپ قالدى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— ھە راست، يارىجان كەلسە ئېيتىپ قويۇڭ. ھېلىقى قىزنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتسۇن، بولمىسا دالاغا قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەن تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتىم. يېقىندىلا بىرسىدىن قۇتۇلغانىدىم، نەدىن چىققىتى يەنە بىرسى؟

— قايسى قىزنىڭ؟

— سىزگە خەت يېزىپتىكەنغۇ، — دېدى مېھمان ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىياپەتتە قاراپ، — ئەسلىدە بۇنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئىش سىزگە مەلۇم ئىش ئىكەن. سىلەرگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ قالمىسۇن دەپ بۇنى ئېيتقۇم كەلدى. بىر چاغلاردا يارىجانىنىڭ ئۇ قىز بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم ... بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەھۋال سوراپ قويسام تۆكۈلۈپلا كەتتى. يارىجاندا بىر ئاز ئېلىشى بار ئوخشايدۇ. ئەمما يارىجان بېرىدىغاننى بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئاخشام ئۇنى تازا ئۇرۇپتۇ. يۈزىدىكى شاپىلاقنىڭ ئىزى بىرەر ھەپتىگىچە يوقالمايدۇ ھەقاچان. ئۇ قىز سوتقا ئەرز قىلىمەن دەيدۇ. ئەلپازىغا قاراپ ئۇنىڭ بۇ نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم.

ئەمدى مېنىڭ بەرداشلىق بەرگۈدەك ھالىم، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىم قالمىدى. مەن ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۆپكەممۇ ماڭا خىيانەت قىلغاندەك، دېمىم سىقىلىپ تىنالماي قالدىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ئالدامچىلىق! يەنە بىر ئالدامچىلىق! ئۆتكەن كۈنىلا ئۇ، ئۈزۈكنى سېتىپ پۇلىنى بېرىۋەتتىم دەپ كەلگەنىتىغۇ. ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ مېنى ئالداپتۇ!

— ۋاي خۇدا، نېمە بولدىڭىز؟ مەن ئەقىلسىز نېمىشقا سىزگە بۇ گەپلەرنى قىلغاندىمەن. ماۋۇ چاينى ئىچىۋېلىڭ، ئوڭشىلىپ قالىسىز!

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن مېھمان شۇ سۆزلەرنى قىلغىنىچە يېنىمغا كېلىپ پىيالىنى ئۇزاتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى-دە، يارىجان كىرىپ كەلدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ ئېتىلىپ كەلگىنىچە مېھماننىڭ ياقىسىدىن ئالدى ئۇ، — قاچاندىن بېرى تونۇشۇۋالغانتىڭ بۇ بۇزۇق بىلەن؟ مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى غەنىمەت بىلىپسەن-دە! باياتىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم!

— نېمە دەۋاتىسەن يارىجان؟ — دېدى مېھمان ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا

ئۆرۈنۈپ، — ئايالىڭنى قارىلاشقا قانـ
داق ئاغزىڭ باردى؟ مەن كەل دېۋېـ
رىلىڭ، كەلدىم، مانا كېلەر، ئەنە كېلەر
بىلەن بۇ چاغ بولدى.

مەن قېتىپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ دەتالاشلىرى گويا مېنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتسىزدەك، ھېسسىياتسىز كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ «بىزۈزۇق!» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ مېڭەمنى زىڭىلداتاتتى.

— قاچان سېنى كەل دېدىم؟ نېمىشقا كەل دېگۈدەكمەن؟

— سەن ئالغان پۇلنىڭ ئىشى بىلەن بولمامدۇ؟

— نەدىكى پۇل؟ سەندىن پۇل ئالغان يېرىم بارمۇ مېنىڭ؟

— خۇدايا توۋا، تېنىۋالماقچىمۇسەن، بارىجان؟

— تانسام تېنىۋېرىمەن.

— بولدى، قانۇندا سۆزلىشەيلى، گۇۋاھچىمۇ بارغۇ. سېنىڭدەك ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىمەن.

— سۆزلەشسەك سۆزلەشتۇق! ئايالىمغا پوخورلۇق قىلىپ ئادىلەمنى بۇزماقچى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىسەن تېخى!

— تۇفىي، شۇنچىلىك ئادەم ئىكەنسەن-دە! بۇ بىچارە قىز قانداق بولۇپ سېنىڭ قاپقىنىڭغا دەسسەپ قالغان بولغىدى.

— چىق ئۆيدىن!

بارىجان مېھماننى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. ئاندىن قايتىپ كىرىپ ماڭا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، بىر چاغلاردا مېنى ئۆزىگە كۆيدۈرگەن ھېلىقى سېھىرلىك كۆزلەر ئەمدى يوق ئىدى، ئۇلىنىڭ ئورنىدا قانغا تولغان زەھەرلىك كۆزلەر قادىلىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كۆزىمىدۇ؟ ئاپامنىڭ: «كۆزىنىڭ تېگىدە يەنە بىر كۆزى باردەك تۇرىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە چۈشتى.

— ئەمدى ئىككىمىز سۆزلىشىۋالايلى، ئەسلىدە يۈرىكىمدىمۇ بۇزۇق نەرسە ئىدىڭ، تەلىيە بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرگىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن. بۇگۈن ئاۋۇ ئەرۋاھ بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟!

ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئېغىزى ھازىر كۆكۈزلىنى ئايىنىتقۇدەك كۆپۈكلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن زەھەرلىك ئاھاڭ، رەزىل تۆھمەت ئېتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە ئۈندىمىدىم. شۇ تاپتا كاللام قىپقىزىرۇق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي كۆزلىرىنى قاچۇردى. بىراق، مېنىڭ چاچلىرىمنى، يۈزۈمنى، بوينۇمنى، بەدىنىمنى سېھىر بىلەن سىلاپ كەلگەن قوللىرى مەڭزىمگە زەرب بىلەن تېگىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم. ئۇرسۇن، ئۇرۇۋالسۇن. مېنىڭ دىلىمدىكى يارىنىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئازاب ئىدى.

— ھەي لوكچەك، نېمە قىلىۋاتىسەن؟— خوجايىن موماي توۋلىغىنىچە ئېتىلىپ كىردى ۋە ئۇنى تارتىپ بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتى، — بۇ بىچارىنى مۇساپىر، بۇ يەردە ئىگىسى يوق دەپ بوزەك قىلىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، بۈگۈن مانا مەن ئاتىسى، مانا مەن

ئانىسى! ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟ كىر-
قېتىمكىنى يۇيۇپ، تامىقىنى ئېتىپ، غال-
چىلىقىنى قىلغانلىقىمۇ؟
ئەمدى مەن ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تولا كوتۇلداپ
بىزار قىلىشقەتكەن بىز موماي ئۆز ئا-
پامدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ
بويىنىغا ئېسىلىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم.
موماينىڭ تۇيۇقسىز ئارىلىشىشىدىن
ئۇ گاڭگىراپ قالدى بولغاي، بىردەم
داڭقېتىپ تۇردى، ئاندىن گۈلدۈرلىگە-
نىچە بىزگە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
— بار، نەگە بارساڭ بار! سوغۇقتا
توڭلاپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم! — موماي
غوتۇلدىغىنىچە مېنى ئورۇندۇققا ئول-
تۇرغۇزدى، — بىچارە قىزىم، ئەجەب ئا-
زار يەپسەن. بىز ئاياللارغۇ مۇشۇنداق
يارىلىپ قاپتىكەنمىز...
موماي يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ تە-
سەللى بېردى، خېلى ئۇزۇنغىچە سۆز-
لىدى. لېكىن بۇ سۆزلەر قۇلىقىمغا
كىرمەيتتى. مەن قورقۇنچلۇق چۈش
كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك
پىر خېلى گاراڭ ھالەتتە ئىدىم. مەن
بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئالتۇن قەسىرگە
ئوخشايدۇ، مەڭگۈ غۇلىماي تۇرۇر چىچەك
تۇرىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەسلىدە
ئۇ ھېچنەرسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي-
دىغان قۇم قەلئە ئىكەن. مەن سۆيگەن،
مەن ئىشەنگەن، مەن چىن مۇھەببىتىنىڭ
نەپىس ھەيكىلى دەپ بىلگەن ئادەم
پاك يۈرەكنى، پاك مۇھەببەتنى دابۇت
قىلىدىغان شەپقەتسىز جاللات ئىكەن.
«ئەسلىدە يۇرتۇڭدىمۇ بۇزۇق نەرسە
ئىدىڭ، تەلەت بىلەن ئاپاق - چاپاق
بولۇپ يۈرگىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن!»
بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى-
مە؟! ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ناھايىتى ئالىيـ
جاناب قىياپەتتە: «تەلەتنىڭ سىزنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم...
شۇنىسى ئويلىغىنىمدا مېنى بىر خىل
ۋىجدان ئازابى قاپلىۋالدى...» دې-
گەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ھا-
ياجانغا سالغان، ئۇنىڭ ئالىيجاناب،
ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشەن-
دۈرگەنىدى. ئەسلىدە بۇ ساختىپەزلىك،
ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىكەن-تۇ!
خوجايىن موماي چىقىپ كەتتى. مەن
تېخىچە جايىمدا ئولتۇرۇپ ئويلانماقتى-
مەن. قەلبىمدىكى ئىشەنچ، مۇھەببەت
مۇنارى غۇلىۋاندى. ئاشۇ غۇلاش ئىما-
گىمىرى مەن ئېرەن قىلىمىغان ئىشلارنى
ئېسىمگە سالدى: ئۇنىڭ ئېپىنى تاپسىلا
سودىگەرلىك، ئاتا - ئانامنىڭ پۇلىنى
دەسمايە قىلىش توغرىسىدا گەپ قى-
لىشلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن. ئۆيـ
نىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى، ئاتا - ئانام
ئەۋەتكەن پۇللارنىڭ يوقاپ كېتىشى،
ئالتۇن ئۈزۈك... بۇلارنىڭ ھەممىسى...
ئاھ خۇدا، مەن نېمىدېگەن ساددا!
مەن تېخى ئۇنى مۇھەببەت ئۈچۈن
يارالغان، دېمىسى چىن قەلبىدىن ياخشى
كۆرىدۇ دەپتىمەن. ھېلىقى قىزنىڭ خېـ
تىنى ئەسلىدىم. خەتتە ئۇنىڭغا بېرىلـ
گەن باھانىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم.
ئەسلىدە ئۇنىڭ خىيالى باشقىچە ئىـ
كەن - دە، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيتى-
كەن! بۇ ھەقىقەت ماڭا ئايان بولغانـ
دا، كىمدۇر بىرسى يۈرىكىمنى بىغىز-
شىدىن تۇتۇپ تولغاۋاتقاندەك ئېگىر-
ۋەتتىم.
جىنىم زاھىرە، مەن بىر پەردە ئا-
خىرلاشقان ئىشلارنى يېزىشنى مۇشۇ يەر-
دىلا ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەي دەپ خېتىمنى
داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا يۈر-

تۇمنى ئەسلەۋاتىمەن. خالىدە ئاپپاينى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەۋاتىمەن. مېنىڭ ئوتتۇمدا كۆيۈپ پىشقان دادام بىلەن ئاپامنى ئەسلەۋاتىمەن. تەلەتمۇ كۆز ئالدىمدا، ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىمۇ غەلىتە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئىچىمنى بىر خىل ئاچچىق سېزىم تاتىلىماقتا. سېنى، مەۋلاننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلاۋاتىمەن. نەچچە ئايدىن بۇيان ھەممىڭلارنىڭ چىرايى كۆزۈمدىن كەتكەنىدەك ئىدى. ئەمدى شۇنچە يارقىن، شۇنچە مېھرىبان كۆرۈنمەكتىسىلەر.

«بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش!» بۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەتمۇ؟ مەن شۇنىسى مۇھەببەت دەپ بىلىپتىمەن. لېكىن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىمەن. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇنچە قۇربان بەردىم. مەن نېمىدېگەن بىچارە-ھە!

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ نىدا قىلدىم: «ئېي ئىگەم، ماڭا نېمىشقا ئەقىل بەرمىدىڭ؟ نېمىشقا مېنى بۇنچە ئازابقا تاشلىدىڭ؟!»

قۇلاقلىرىم شاۋقۇنلۇق، ئەمما يېقىملىق بىر خىل شىۋىرلاشنى ئاڭلىغاندەك بولدى: «مەندىن رەنجىمە قىزىم، بۇ كەلگۈلۈكلەرنىڭ سەۋەبكارى ئۆزۈڭ. مەن دۇنيانى كىشىلىك ھاياتنى چۈشەنسۇن دەپ ساڭا ئىنسانغا خاس ئەقىل بەردىم، ياخشى-يامانىنى پەرق ئەتسۇن دەپ كۆڭۈل بىلەن كۆزنى بەردىم. ياخشى سۆز، ياخشى نەسىھەتلەرنى ئاڭلىسۇن دەپ قۇلاق بەردىم. ساڭا يول كۆرسەتسۇن دەپ ئاتا-ئانا ۋە ئۇستاز بەردىم. سىرداشسۇن دەپ دوستلارنى بەردىم، لېكىن سەن مەن بەرگەن بۇ نېمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئەتىۋارىنى بىلمىدىڭ!...»

ئەمدى مەن نېمە دېيەلەيمەن؟ مەن ئۆلۈمنى ئويلىدىم، بۇ مېنى بۇ خىيالەتكار دۇنيادىكى جىمى ئازابلاردىن قۇتقۇزالايتتى، لېكىن شۇ ھامان بۇ نىيەتتىن ياندىم، ئاتا-ئانامنىڭ مېنىڭ ئۈچۈن تارتقانلىرىمۇ يېتەر، ئۇلارنى يەنە بىر تۈگىمەس ئازابقا سېلىشقا نېمە ھەددىم بار؟

تاڭ سىزىلغاندا مەن كېتىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچنەرسەم قالمىدى. بىلمەيمەن، ئۇ يەنە قايتىپ كېلەمدۇ، ياش تۆكۈپ، ئالدىنقىداق يالغانلارنى توقۇپ مېنى ئالدىماقچى بولامدۇ. بىراق بۇلار ئەمدى مېنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. مەن كېتىمەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ماڭا يەنە قوينىنى ئاچار. ئۇ يەردە كۈتۈۋاتقان ئاتا-ئانام بار، ئۇلار مېنى كەچۈرەر. سىرداش دوستلىرىم — سىلەر بار، سىلەر ماڭا ھېسداشلىق قىلارسىلەر، تەسەللىي بېرەرسىلەر. ماڭا ھاياتنىڭ ئىللىقلىقى كېرەك. بۇ ئىللىقلىقنى ئاتا-ئانام، سىلەردەك دوستلىرىملا بېرەلەيدۇ.

جېنىم زاھىرە، بىزلارنىڭ ھەممىسى بىر چۈش بولۇپ قالسا (ئەڭ قورقۇنچلۇق بولسىمۇ مەيلى)، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتسەم، بۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتسەم نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

بىراق، بۇ چۈش ئەمەس!

خەير، دوستۇم، خەتنى ساڭا ئۆزۈم ئېلىپ بارىدىغان بولدۇم.

سىلەرگە تەشنا بولغان بىچارە ماھىرەدىن.

1990 - يىل، دېكابىر

قاراماي — ئۈرۈمچى

# خاتىرىدىن تەرمىلەر

(شېئىرلار)

ياسىن مۇخپۇل

## نورۇز كەلدى

يۇرتىمىزدا بارچە ئىشچان قىز -
يىگىتنىڭ،
قەلبى ھەر چاغ شوخ باھارغا تەلپۈنىدۇ.
پۈتلا سورگەن تال چىۋىقلار ئىغاڭلىشىپ،
باھار كەلسە سەلكىن بىلەن يەلپۈنىدۇ.

ئەلچى بولۇپ نورۇز ئۈچۈن تۈرنىلارمۇ،
جەنۇب ياقتىن باھار سازىن چېلىپ كېلىدۇ.
قاتارلىشىپ بارچە دىلنى شادلىق سېلىپ،
شوخ ئاۋازدا «نورۇز كەلدى»، — دەپ
كېلىدۇ.

كائىناتقا يېشىل كۆكلەم زىلچە سېلىپ،
نورۇز بىزگە يېڭى زىننەت ئېلىپ كېلىدۇ.
قوشچى دېھقان ساپان تۇتۇپ قىر بېشىغا،
«خوش كېلىپسەن، كۆكلەم — نورۇز»، —
دەپ كېلىدۇ.

1963 - يىل، مارت. ئۈرۈمچى

## گۈلدەستە

گۈلزار ئارا گۈلچىمەندىن،
تىزىپ گۈلدەستە.
خۇش ناز بىلەن باقتى يارىم،
گۈلگە ھەۋەستە.

«سۆيدۈم» دېدى بەردى گۈلنى،
يارىم ناز بىلەن.
گۈلدەستىگە مېھرىنى ئۇ،
قىلىپ پەيۋەستە.

ئارمىنىم يوق ئەگەر يارىم،
دىلىغا تۇمار قىلىپ.
«سۆيدۈم» دېگەن شۇ سۆزىنى،
ساقلىسا ئەستە.

1965 - يىل. ئۆكتەبىر. شىخەنزە

## ئىشقىڭمىكىن ..

بىر - بىر بېسىپ كىرگىنىڭدە يار قېشىمغا،
قامىتىڭدىن ئايان بولدى باھار يازىدەك.
دىلىنى مەستخۇش ئەيلەپ ئۆتتى
بىر پەسىلىنە،
خۇش يېقىملىق چىققان ئەشۇ شوخ
ئاۋازىدەك.

بارسام ئاستا يار قېشىغا، كۆزۈڭ مەندە،
قولۇڭدا بار قوش تارلىق گۈزەل سازىدەك.
پەرق ئەتەلمەي قېيىن بولدى ھالىتىڭنى،
بىلەلمىدىم ئىشقىڭمىكىن ياكى نازىدەك.

1967 - يىل، ئىيۇن. ئۈرۈمچى

## ناۋات

سوۋغات قىلماق بولسەن ماڭا ئاق ناۋات،
خىيالىڭغۇ يا چۈشۈڭدۇ بىلمىدىم.
شۇنچە شېرىن ھېسلار باركى قەلبىڭدە،
ئىچمىدىم - دە خىيالىڭنى بۆلمىدىم.

چۈشۈڭ ياكى خىيالىڭدىن تەۋەللۇت،
بولسا ئەگەر ئاشۇ شېرىن ئاق ناۋات.
نىمە دەيتتىم، كۈتۈلمىگەن ھادىسە، —
ۋەقەلەرگە بايغۇ بىزنىڭ بۇ ھايات.

خىياللىرىدىن پۈتكەن ئاشۇ سۈۋغىتىلىك،
ئۆيالىمىغىن سىرلىرىنى ئېچەلىشقا.
خۇرسەن ئىدىم شۇ ناۋاتىنىڭ تەمىنى،
رازى بولساڭ لەۋلىرىڭدە تېتىشقا.

1967 - يىل، سېنتەبىر. ئۇرۇمچى

## تۈندىكى خىياللار

تۈن!
قانچە ئۇزۇن بولساڭمۇ سەن
بىرەلمەيسەن خىيالغا بەرداش!

× × ×

خىيالىم تەپەككۇر ئەركىنى،
كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرغىمىسى،
سېنىڭ شۇ قاپقارا چېھرىڭ بىلەن،
بولۇپ ئۆتكەنىدى تەقدىرداش.

× × ×

سەبى خىيال ئىگىلىرى —
نەۋقىران ياشلار،
ئاختۇرار ئىدى باغرىڭدىن شادلىق،
ئۈمىد بىلەن پەۋەس تولغان،
گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى،
نەقەدەر ئاتلىق.

× × ×

نەخسلەت بار،
سېنىڭ قارا چېھرىڭدە،
ئالدايسەن،
ئالدىنىپ قالىمىز.
بوش كۆرمە بىزنى سەن ئۈنچىلا،
باغرىڭدىن نېسىۋە ئالىمىز.

× × ×

تۈن!
چېھرىڭ سېنىڭ نەقەدەر قارا.
سەندىن مەڭگۈ ياد نامە،
قەلبىمدە بار ساقايماس يارا.

..........

ئۈمىدىم بىر مەھەل كاڭگىراپ،
يوقالدى باغرىڭدا كۆپۈكتەك.
ئۆتتى كۈن،
ئۆتتى ئاي،
ئۆتتى يىل،
تاتاردى چىرايىم ئۆلۈكتەك.
ياق! ئۆلمىدىم،
ئۆلگەندەك بولدۇم،
روھسىز بۇ تېنىم يۈردى تىرىكتەك.

× × ×

نەۋقىران ئۈمىدۋار ياش ئىدىم،
ئەزەلدىن يورۇقلۇق تەشناسى.
چارىسىز باغلىنىپ تۈنلەرگە،
بولدۇمغۇ مەجبۇرىي ئاشناسى.
كۆرمىدىم تۈنلەردىن ۋاپانى،
يار قىلدىم جەبرۇ ھەم جاپانى.
ماڭدىم مەن ئۇپۇققا كۆز تىكىپ،
قەلبىمدە ئۈمىدنىڭ نىداسى.
ئۆلىدىم تۈننى مەن تۈنلەرگە،
يېتەلمەي زارىقتىم كۈنلەرگە.
بىلدىم مەن سىرىنى تۈنلەرنىڭ،
تەگكەندە زەربىلىك پەشۋاسى.
بىر گۈزەل غايە ۋە ئارماننى،
پۈكتۈمەن قايتىدىن دىلىمغا.
چاقىردى بىر گۈزەل كېلەچەك —
ھۆر تاڭنىڭ جەڭگىۋار ساداسى.

× × ×

تۇردۇمەن نۇر نۇمىدىن غەيرەتتە،
ئۇيقۇدىن كۆز ئاچقان ئارسلاندەك.
ئاتەشلىك ھارارەت سەزدىمەن،
قەلبىمدە بىر قۇياش يانغاندەك.
شېئىرىمدىن زۇلپىقار ياساپمەن.
تۈنلەرنىڭ باغرىنى تىلسامەن.
نە ئارمان بىر ئۆمۈر جاھاندا،
ياشىسام ئەل سۆيەر شائىردەك.

× × ×

ئۇ قارا ئازابلىق ئۆتمۈشنى،

ئەسلەشكە يوق مېنىڭ ماجالىم،
چېھرىڭدۇر ـ مۇدھىش تۈن شاھىدى،
ئايانىدۇر ئەينەكتە جامالىم.
ئۆتۈپتۇ تىزلەرنىڭ تاماشىسى،
نەقىشلەپ يۈزۈمنى قورۇقتىن.
ئاقارغان چاچلىرىم مىسالى ــ
بېشارەت كەلگۈسى يورۇقتىن.
قاراڭ، ئەنە!

× ×

بەردى خەۋەر،
كۆكتىكى گۈزەل تاڭ ئەلچىسى،
بەرمەكتە بىر شەپە قەلبىمگە:
كەلگۈسى بەخت ۋە ئۇتۇقتىن.
كۈلدى ئۇ قۇياشقا ئورلىنىپ،
ئۆرلىدى بىپايان ئۇپۇقتىن.

1968 - يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى

## تۈندىكى سەيلە

خۇشال بەزمە ئاياغلاشتى،
ياندىم بىللە قىز بىلەن.
خىلۋەت باغچا يېنىدىكى،
يىلان باغرى ئىز بىلەن.

جۈرئەت! بىردىن سۆيدۈم ئۇنى،
قىز يۇلقۇندى بىكارغا.
بىراق مەنمۇ چىقالىدىم،
كۆڭلۈمدىكى «شىكار» غا.

ئىچتىم شاراب قىز لېۋىدە،
بولدۇم بىھۇش بىر مەھەل.
تەشنا يۈرەك ۋە دىلىمگە،
قىلغان ئىكەن كىم ئەمەل.

«ئەسكىكە نىسىز» ـ دېدى «رەنجىپ»،
قايرىلدىمۇ قايتتى تېز.
«خەير!» ـ دېدى قاراڭغۇدا،
غايىپ بولدى شۇندا قىز.

ئېيتقان سۆزى توغرا ئىدى،
ئالار ئىدىم بويۇنۇمغا.
بىراق بۇ قىز گۈل كەلتۈرەر،
مېنىڭ پارلاق يولۇمغا.

1968 - يىل، ئىيۇن. قەشقەر

## قۇياش ئىككى بولۇپ كۆرۈندى

ئۆتكىنىمدە ئاستا يېنىمدىن،
كۆردۈم گۈزەل، ئايدەك يۈزۈڭنى.
«يالت» قىلدى سېھىرلىك بىر ئوت،
كۆزلىرىڭگە تىكتىمەك كۆزۈڭنى.

يۇمۇپ ئالدىم كۆزۈمنى بىر پەس،
يىغالماستىن دەررۇ ئېسىمنى.
«توۋا!» ـ دېدىم، كۆرمىگەنتىم مەن،
ھارارەتلىك مۇنداق بېسىمنى.

بىر جۈپ كۆزۈڭ شەھلالىرىدىن،
پۈتۈن ئەتراپ نۇرغا كۆمۈلدى.
كۆز يۇمسامدىم، شۇ چاغ كۆزۈمگە،
قۇياش ئىككى بولۇپ كۆرۈندى.

1968 - يىل، ئىيۇل. ئۈرۈمچى

## ئاچچىق

× ×

كۈندە دىلنى غەش قىلىسەن قانچە رەت،
«ئەجەب كەلدى ئاچچىقىم» دەپ
قورقىتىپ.
قايرىلىسەن قىيا بېقىپ، مەست قىلىپ،
نازلىق بىلەن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ.

رەنجىسەڭمۇ كەلدىم يەنە قېشىڭغا،
«دەردكە تولغان كۆڭۈللەرنى» نى مەن
ياساي دەپ.
شۇڭا سۆيدۈم «ئاچچىق» بىلەن
لېۋىڭدىن،
كۆڭلۈڭدىكى شۇ «ئاچچىق»نى باساي دەپ.

1969 - يىل، ئاپرېل. ئۈرۈمچى

## بەزمىدە

ئولتۇراتتۇق دوستلار بىلەن تەڭ،
گۈزەل ئىدى ئۆرۈكلۈك بۇ باغ.
ئۇنتۇلغۇسىز بولدى بىر بەزمە،
ياشلىق پەيتىنىڭ ساڭا ئالتۇن چاغ.

نىگاھ سالدى بىر گۈزەل جانان،
جىلۋە بىلەن كۈلەر ئىدى شوخ.
شەھلا كۆزى چاقنار ئوچقۇن،
تەپتى ئۇنىڭ گويا ئاتەش - چوغ.

ئاھ، ھېلىمۇ كۆزىنى ئالدى،
بىر تىكىلسە بولاتتىم تىرتىن.
بوشاشقانىدەك بولدى ۋۇجۇدۇم،
مىسكىن كۆڭلۈم بولمىدى پىرتىن.

پەرىزاتنىڭ ئىشقى چىرىشكەندە،
ئاشىق رازى ئېيتىلسا دارغا.
دار ئازابى كېيىنگە قالدى،
بارماقلىرىم ئۇرۇلدى تارغا.

ئىزتىراپتا قەلبىم بۇ كېچە،
كوي ئەۋجىدە بولدۇم مەست - ئەلەس.
مەي تۇتمىغىن ماڭا ئەي، ساقى!
يار نىگاھى — مېنىڭ قەدەھ مەي، بەس!

1969 - يىل، ئاۋغۇست. تۇرپان

## يارنى ئۇزىتىش

ئۇزاتماقچى بولدۇم يارنى،
ماينىڭ تولۇن ئاي كۈنى.
يار ئۇياتچان، مەن خىيالچان،
بىللە ماڭدۇق يول بويى.

جۇشقۇن يىگىت ئىدىم ئەسلا،
سۆز كەلمىدى تىلىمغا.
بىراق يارنىڭ مۇھەببىتى،
چىڭ ئورنىغان دىلىمغا.

جۈپ لەۋلەردە مەستلىك ئايان،
كۆزلىرىمىز سۆزلەيدۇ.
ۋاپادارلىق بۇلىقىدىن،
ئابىھايات ئىزلەيدۇ.

ۋەدىلەشتۇق بىز مەڭگۈلۈك،
ئەل ئۇيقۇغا چۆككەندە.
ئىككى گەۋدە - بىر سايىدا،
ئاي نۇرىنى تۆككەندە.

1970 - يىل، ئۆكتەبىر. ئۈرۈمچى

## ... گە

ئىشقىڭدا ئۆتكەزدىم قانچە ئايلارنى،
ئۆتكەن ھەر بىر كۈن يىل بىلەن تەڭداش.
ئوتۇڭدا يۈرىكىم بولسىمۇ پارە،
ئاخىرقى نەپەسكە بىردىمەن بەرداش.

چۈنكى بۇ يوشۇرۇن كۆيۈشنىڭ ئوتى،
سىر بولۇپ ساقلاندى قەلبىمدە ئۇزاق.
ئىشەنچىم تاغ مىسالىك، ئىرادەم قىلىچ،
ماڭا كار قىلالماس تىرەتىنىڭ تۇزاق.

1970 - يىل، دېكابىر. لۈكچۈن

## قىزىقكەنسىز ...

«قىزىقكەنسىز» دەپ قالدىڭىز باشتىلا،
سۆزۈم شۇنچە قىزىقمىكەن تاڭ قالىمۇدەك.
ياكى ئۆزۈم باشقا تىلدا سۆزلىدىمۇ،
ھەيران بولۇپ «قىزىقكەنسىز» دەپ
قالىمۇدەك.

شۇ «قىزىق» نىڭ ئوتى بىلەن قىزار-
دىڭىز،
گويا گۈلخان بولۇپ يانىدى كۆزىڭىزمۇ.

شۇئان ئۇنىڭ تەپتى تەگدى يۈرىكىمگە،
ئەجەبلەنمەڭ «قىزىقكەنسىز» ئۆزىڭىزمۇ.

1971 - يىلى، فېۋرال. لۈكچۈن.

## ئاشۇ كۈن ...

شۇ كۈن تىنىمسىز ھۇۋۇلايدۇ بوران،
ھەردەم تىنىمسىز ۋەھىمە بىلەن.
كۆڭلۈمگە بىردەم بەرمىدى ئارام،
قەستى ياردەكلا خۇددى مەن بىلەن.

ئەجەب گۈزەل بوپ ياسانغان ئىدى،
باھار پەيزىدە باغنىڭ بۇرجىكى.
ئاشۇ بوراننىڭ كاساپىتىدىن،
توزۇپ كېتىپتۇ ئۆرۈك چېچىكى.

بىراق قەلبىمنىڭ باھارى مەڭگۈ،
ئەپ كېتەلمەيدۇ بوراننىڭ كۈچى.
ئاشۇ بوراننىڭ ھېكمىتى بىلەن،
يېشىلدى سىرلىق تۈگۈنىنىڭ ئۇچى.

بىلدىم گۈزەللىك ئاشنىسىكەنسەن،
تەردىڭ چېچەكنى يەرنىڭ بېشىدىن.
مەيلى توزاتسۇن بوران ھەممىنى،
مېھرىڭ جاي ئالدى يۈرەك قېتىدىن.

1971 - يىلى، مارت. لۈكچۈن

## خىيالچان قىز

خىيال سۈرەر كېچە - كۈندۈز ئۇ ساھىپجامال،
چۈشەنمەيمەن بۇ مەن ئۈچۈن ئاجايىپ بىر ھال.
تۇغۇلغانمۇ ياكى ئۆزى خىيال بىلەن تەڭ،
خىيال بىلەن ياسالمىدىكىن ياكى شېرىن بال.
تىلسىزمىدىكىن دەي دېسەم مەن كۆڭلۈمدە گۇمان،
ئاڭلاش ئۈچۈن بىر سۆزىنى بارمىكىن ئامال.
ئۆمۈرۋايەت سۆزلىمەسكە قەسەمىيات قىلىپ،
خىيال بىلەن تىلىنى ئۇ قىلغانمۇ قامال.

1971 - يىلى، ئۆكتەبىر. ئۈرۈمچى

## ... گە!

«مەن ئۆتەرمەن ئۇ سېكۇنتلار ساناپ،
مىنۇتلار ئىشقىدا يۈرەكنى داغلاپ».
كۆڭۈلسىز سائەتلەر باسقان كۈندە،
بىخەۋەر سۆيگۈگە ئۆمرىدىنى باغلاپ.

ھەپتىگە كەلگەندە ئۈمىد شولىسى،
يوقالاق بولىدۇ ئايلارنى قوغلاپ.
ئىشتىمگىدا بىر يىلىۇ توشاي دەپقالدى،
ئەمدى ئېيت سۆزۈڭنى، كۈتىمەن جاۋاب.

1971 - يىلى، دېكابىر. لۈكچۈن.

## تىلسىز

خۇما كۆز نىگارىمنىڭ،
لەۋلىرى شېرىن - شېكەر.
نەقىش قىلىپ قەلبىمگە،
خىيال بىلەن گۈل چېكەر.

سۆزلىمەيدۇ ئۇ گۈزەل،
خىيال سۈرەر ناز بىلەن.
ئويغىتايمۇ يارىمنى،
قولۇمدىكى ساز بىلەن.

يارىم كېلەر گۈل تۇتۇپ،
مىڭ خىل جىلۋە ساز بىلەن.
كۈتتۇۋالاي يارىمنى،
كۆڭلۈمدىكى ياز بىلەن.

تىلسىزمىكەن دېمەڭلار،
يارىم سۆزلەر كۆز بىلەن.
ئالەمچە مەزمۇن پۈتەر،
كۆزدىكى سۆز بىلەن.

1971 - يىل، دېكابىر. لۈكچۈن

### قار سەيلىسى

زىمىستان قىش ۋە دەھشەت سوغۇق،
قىلالمىدى بۈگۈن بىزگە كار.
پىچىرلىغان ئاۋازغا تەڭكەش،
ئاستىمىزدا غىچىرلىغان قار.

ئىشقى كۈچى قىستى تېنىمنى،
تەسلىم بولۇپ قەددىڭ پۈكۈلدى.
كىرپىكىڭدە قاتقان قىرولار،
ئاستا تامچە بولۇپ تۆكۈلدى.

«سۆيىدۇم» دېگەن ئاشۇ بىر سۆزۈڭ،
دىلىمغا نەقىش بولۇپ ئويۇلدى.
ھەر سۆيگەندە گويا قەلبىمگە،
مېھرىڭ دەريا بولۇپ قۇيۇلدى.

ئاھ، سوغ كېچە! خەيرلىك كېچە!
ئۇخلالمايسەن سەن ھەم بۇ كېچە.
سەن يانىسەن، مەن ئۆرتىنىمەن،
ۋىسال پەيتى كېلىپ يەتكۈچە.

1972- يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى

### يولدا

قايرىلدىڭىز قەلبىڭدە چىگىش،
ئىككىلەندىڭ باسقان يولۇڭدا.
توختىمىدى خۇرۇم سومكىمۇ،
تىترەك باسقان ئاجىز قولۇڭدا.

تەمشەلدىڭ سەن ئۈمىدلىك بېقىپ،
بىراق تىلىڭ كەلمىدى سۆزگە.
قىزارغان يۈز، تىترىگەن لېۋىڭ،
ئېچىنىشلىق كۆرۈندى كۆزگە.

ئېيتقىنا بىر، سەندىكى پۈتمەس، —
چىدام، غەيرەت - جاسارەت قېنى.
ئەل كۆزىچە ئاشۇ سومكىنىڭ،
ئەپسۇس، ئەپسۇس! يەرگە چۈشكىنى.

1972 - يىل، ئىيۇن. ئۈرۈمچى

### ئاشۇ چاغ

ئەتراپ تىنچ، ئەل ئۇيقۇدا، بىز ئويغاق،
ئۈزەر كۆكتە تۈن پەردىسى تولۇن ئاي.
ئۆستەڭ بويى ئاشۇ سۆكەت خاتىرە،
مۇھەببەتكە تۇنجى قەدەم - بۆشۈك جاي.

گۈل - چېچەكلەر، چاچتى ئىپار شۇ كېچە،
بىز مۇڭداشتۇق سوزۇلۇپ تاڭ ئاتقۇچە.
غۇنچە لېۋىڭ بولدى قەدەھ ئىچتىمەن،
تۇنجى سۆيگۈ شارابىنى قانغۇچە.

مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ ئاشۇ چاغ،
بىللە ئويناپ، بىللە كۈلگەن گۈزەل باغ

1972 - يىل، ئۆكتەبىر. ئۈرۈمچى

### مەرھابا

مەرھابا! سۆيگۈنىڭ ئۇياتچان قىزى،
مەرھابا قەلبىمنىڭ غالىب ھاكىمى.
ئەلۋىدا! پۈچ-تۆھمەت، مەرھابا، شادلىق،
لەۋلەرنىڭ ئىزھارى - سۆيگۈ سالىمى.

مەرھابا! سۆيگۈنىڭ ئەي، ئوماق قىزى،
مېھرىڭدىن پۈتۈلدى سۆيگۈمگە جۈرئەت.
سۆيدۈم ۋە سۆيۈلدۈم، ئىشەنچكە تولدۇم،
ئىشەنچلا سۆيگۈنىڭ ھامىسى پەقەت.

مەرھابا بەلەم! ئازادىلىكنى پەرقلىگەن سۆيگۈ،
يوشۇرۇن كۆيۈپ شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي گۈزەللىكى،
ئەلۋىدا! قەسەم ۋە ساختا نىكاھلار،
مەرھابا! چىن سۆيگۈ — پاكلىق ۋە ھۆرلىكى.

مەرھابا! سۆيگۈگە سۇرۇلگەن تەلەپلەر،
ئەلۋىدا، كور سۆيگۈ، زۇلمەت، ئاسارەت.
ئەلۋىدا، ھاجەتسىز ئۆزىيات ۋە نومۇس،
مەرھابا! سۆيگۈگە شانلىق جاسارەت.

1973 - يىل، يانۋار. ئۈرۈمچى

## شاراب

قەلبىمنى سېغىنىش ھېسلىرى ئۆرتەر،
قولۇمدا قىپقىزىل لالىدەك شاراب.
ئەسلىدىم ياقۇتتەك غۇنچە لېۋىڭنى،
خىيالىم ئەلىكىدە مەن جامنى قاراپ.

قەدەھنىڭ ئەكسىدە كۆرۈندى چېھرىڭ،
يىراق ئۇ خىيالىم يېنىدىكى گۈل،
بېغەشلاپ قەلبىمگە ئالەمچە شادلىق،
سەن جامدا — قولۇمدا قەھ ئۆرۈپ كۈل!

..................................................

جامدىكى جام ئۇرۇلدى، قاچتى خىيالىم،
قاچقىنىڭ سەن مەيدىكى سىرىڭنى سەزگەندەك،
ئاما لېكىن جامنى مەن باستىم لېۋىمگە،
گۈلشەندە زوق بىلەن سېنى سۆيگەندەك.

1973 - يىل، ماي. ئۈرۈمچى.

## قېنى ئۇ

قېنى ئۇ؟ ئالتۇن چاغ، جۇشقۇنلۇق ھايات،
يالقۇنلۇق كۈيلەرنىڭ قايناق ھېسلىرى.
قېنى ئۇ؟ ياشلىقتا ئويىنىغان كۆلگەن،
چاغلارنىڭ قەلبىمگە سالغان ئىزلىرى.

قېنى؟ ئۇ ئاتەش كۆزنىڭ كىرپىكى خەنجەر،
قېنى ئۇ؟ قەلبىمنىڭ گۈلى رەناسى.
قېنى ئۇ؟ ئىشقىمنى دەريا ئەيلىگەن،
گۈزەللىك بېغىنىڭ شاھى يەرناسى.

قېنى ئۇ؟ خۇش چىراي، خۇش چىچەم قامەت،
قېنى ئۇ، ئاسمان تەك، ئۆرۈكلۈك باغلار.
قېنى ئۇ كۆكسىمگە باش قويۇپ جانان،
ئىشقىدىن گۈلدەستە ياسىغان چاغلار.

1973 - يىل، سېنتەبىر، قەشقەر - ئۈرۈمچى

## گۈل خۇمار

گۈل تىزارمەن ھەر سەھەردە گۈلنىگار،
ئەسلى سەن بولغاچقا شۇنداق گۈل خۇمار.
بۇ ۋىسال بېغىدا كۆرسەم دەپ سېنى،
يوللۇرۇڭغا بولدى قەلبىم ئىنتىزار.

لالەزار باغ ياشنىتاي دىلبەر ساڭا،
گۈل تېرىشتىن ئۆزگە خۇشلۇق يوق ماڭا.
سەن قولۇمدا خۇددى دەستە گۈل بولۇپ،
مېنىڭكى ئەبەدىي ھەمدەمنى چاچ گۈل ئۇزار.

بىر ئۆمۈر بولماس غازاڭ بېغىم مېنىڭ،
گۈل چىمەن باغدىن گۈزەل قەلبىم مېنىڭ.
ئىشقى مېھرىڭ ھەر قاچان ھەمراھ بولۇپ،
دىل بېغىمدا ياشنىتىپ تۇرغاچ باھار.

1973 - يىل، دېكابىر. ئۈرۈمچى

## گۈزەللىك شاھى

گۈزەللىك شاھىدەك تەنھا،
يىرۇپسەن باغ ئارا دىلبەر.
سۆزۈك شېرىن، ھىدىڭ خۇشبۇي،
پۇرايدۇ گۈل - چېچەك، ئەنبەر.

گۈزەل تاڭدا قىزارسا كۆك،
شەپەقتىن رەڭ ئالار چېھرىڭ.

گويا قەلبىمگە تارىدەك،
ئاقار دەريا بولۇپ مېھرىڭ.

يېڭى كۆيلەرگە چاڭ ئەمدى،
پەلەككە ياڭرىسۇن ناخشام.
سېنىڭ ئىشقىڭ — گويا كۈي، ساز،
ماڭا ھەممىدىن سەھەر، ناخشام.

1973 - يىل، دېكابىر. ئۈرۈمچى

## «قىزىل يەلكەن»

كۆكتۆم پەيتى پارلايدۇ شەپەق،
سەن كېلىسەن قىزىل يەلكەندەك.
سەن كېلىسەن يورۇيدۇ ئەتراپ،
گويا تاڭدا قۇياش كۆلگەندەك.

سەن كېلىسەن ئالەم نۇرلىنىپ،
شۇئان دىلدا سېزىمەن باھار.
سەن كېلىسەن قەلبىم كۆككە،
ئېچىلىدۇ سوزۇلۇپ ناھار.

سەن كېلىسەن قايىنام ئىچىدە،
مەغرۇر ئۈزگەن يالغۇز كاراپتەك.
بىرلا زەڭگەر سالساڭ، ۋۇجۇدۇم —
لىغىلدايدۇ گويا سىماپتەك.

دېيمەن سېنى، — «كۆرسەم يىراقتىن»،
زىنگاھىمغا مەندە يوق بەرداش.
شامدەك ئېرىپ كەتمەيدۇ جىسمىم،
ئاتەش تۇرساڭ قۇياشقا تەڭداش.

ئەمدى بىلدىم، سۆيگۈ ئىلاھى،
ئادالەتسىز ئىكەن ئەزەلدىن.
بىزنى قۇياش، بىزنى موم قىلسا،
كۆردىمىزمۇ ئۇنى تەلەيدىن.

1974 - يىل، سېنتەبىر. ئۈرۈمچى

## تىمرىق - تىمرىق

«تىمرىق - تىمرىق» سەن چېكىسەن دېرىزەمنى،
چۆمۈلىمەن خىياللارغا ئۇزاق - ئۇزاق.
تۈن پەردىسى دەيمۇ سېنى ياكى ئۈزۈك،
قۇرمىغانچە ھاياتىمنى پۈتمەس تۇزاق.

تۈنۈش ئىكەن ساڭا شۇنچە تۇرارجايىم،
ئۇخلاتمىدىڭ دېرىزەمنى چېكىپ دائىم.
نە كۈلپەت بۇ تۈنۈشنى ئالماق ئىمكىنىمىزگە،
مەن كېلىسەن خەتەرلەردىن يېڭى ۋايىم.

«تىمرىق - تىمرىق» ھەر كىرىن يەنە ئېلىشۇ
ئاۋاز،
ئىشتىياقسەن ئاچايمىپ بىر خەتەر ئىشقا.
ھەر تۈن - كېچە دېرىزەمگە سەن خەبەردار،
پەرۋاسىز سەن باھار، ياكى يازۇ-قىشقا.

خىياللارغا بېرىلىمدىم ئەمدى بەرداش،
تىمرىقلاشتىن تاڭ كەينىدە سىرىلىگەندەك.
ھىجران تۈنى ئازابلاردا بولدۇم تۇتۇن،
دىلىڭ ئۆلۈپ مەن مىڭ بىر قېتىم تىرىل-
گەندەك.

«تىمرىق - تىمرىق» دىلىڭ بۇ تۈن خەۋەر
جەر گويا،
يالقۇردىن تەگرىدىن مەن شەپقەت
تىلەپ.
قىزىمۇ سەن، ئېيت ياكى ئاپەت
بىلەلمىدىم،
تۈن كېچىدە نە ئىلتىجا، نەدۇر تەلەپ.

كۆرسەت ماڭا جامالىڭنى قىلماي زارە،
ئىز تىمراپتا بولدى قەلبىم پارە-پارە.
كۆزلىرىڭ يېلى ئەلەم، ئىزا - ئاھانەتكە،
بۇ كۈلپەتكە تاپايلى بىز ئەمدى چارە.

قىيىندىما سەن ياش جېنىڭنى، مېنىڭمۇ ھەم،
ئەقىدەڭنى ھەم بىھۇدە قىلىپ پايمال.
جاسارەتتىن يوسۇنلارغا نەشتەر ئۇرۇپ،
پاك سۆيگۈگە يول ئاچالىدى بىزبىمالال.

«تىمرىق - تىمرىق» ... چەكمىگەن سەن
دېرىزەمنى،
خىيال كەبى بىر گۈزەل كۈي بولۇپ
كەلگەن.
نۇرغا پۈركەپ تۈن قوينىنى تەنھا ئۆزۈڭ،
تۈن بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تو-
لۇپ كەلگەن.

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى بىر سەن
ئۈچۈن،
تۈن قوينىدىن سۆيگۈ پەيزى ئېلىپ
كەلگەن.
بولسالىك ئەگەر تۈن پەردىسى، ئىككى-
لەنمەي،
ئاينى قەدەھ، نۇرنى شاراب قىلىپ كەلگەن.

1974 - يىل، ئاۋغۇست. ئۈرۈمچى

## ئاتەش زېمىندىكى سۆيگۈ

دېڭىزلاردىن يىراق بۇ دىيار،
«دەريالار» ① مۇ زېمىن تەكتىدە.
بۇندا ھەر جاي بولىدۇ خۇمدان،
قۇياشلىق كۈن ئاتەش تەپتىدە.

زۇمرەت كەبى بۇلۇتسىز ئاسمان،
شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە بىغۇبار.
ياپراق تۆكەر دەرەخ مەزگىلسىز،
زېمىن باغرى ئاتەشكىلا يار.

شاراخشىيدۇ غازاڭلار غەملىكىن،
ھارارەتلىك سەلكىن بۇندا خار.

باغرى چاك - چاك زېمىن ئىڭرايدۇ،
بىر قەترىگە بولۇپ ئىنتىزار.

بۇ زېمىننىڭ دېڭىزلىرى - قۇم،
بىلەلمىچىنى كۆرەلمەيدۇ ھېچكىم.
قۇمدا ئېتەر تۇخۇمنى كاۋاپ،
بۇ قىسمەتكە سوئال قويار كىم؟

ھەر مەھەللە بار كىچىك بىر كۆل،
دېڭىز بىلەر كۆلنى بالىلار.
مەھەللەرنىڭ چېتىدە چەكسىز،
گۈل - چېچەكسىز تاقىر دالىلار.

چوققىلارغا ياغىدىكەن قار،
بۇندا ئالتۇن ھەر بىر قەترە سۇ.
كىم تۈز سالغان دېڭىز سۈيىگە،
ئېيتچۇ كىمنىڭ كاراھىتى بۇ؟

سۈيى بارنىڭ چۆپى يوق نېچۈن؟،
مۇنبەت يەرنىڭ نېچۈن سىزىپى ئاز؟
«تۆۋە»، — دەيمەن ياقامنى تۇتۇپ:—
«پۈتكۈل جاھان تەڭشىكى يوق ساز».

سورىساق بىز خەلقى - ئاۋامدىن،
دەيدۇ: — «بۇ يۇرت يەرنىڭ كىندىكى،
قۇرۇمايدۇ شۇڭا بۇ ئەۋلاد،
ھەم بوشاشماس غەيرەت، بىزدىكى.

يەر تېگىدىن دەريا ئاققۇزۇپ،
«دېڭىزلار» ② نى پەيدا قىلغان بىز.
ئەلگە مەشھۇر ئۈزۈم يۇرتىنى،
بۇ زېمىندا بەرپا قىلغان بىز.

ئالتۇن كەبى ئوتتا تاۋلانغان،
ئاتەش زېمىن پالۋانلىرى بىز.
شانلىق تارىخ بېتىنى يازغان،
ئىدىقۇتنىڭ ئەۋلادلىرى بىز».

① كارىز
② ...ھەققىدە ئوتتۇرىسىدىكى كۆل.

كۆڭۈللىرىنى يورۇتۇپ ئاستا،
مەشئەل ياقتى دىلىغا نەسىھەت.
بىزنى ئىنسان - زېمىن بالىسى،
زېمىندىن بىز ئالدۇق مەسلىھەت.

بۇ زېمىنغا مېھمان ئەمەسمىز،
قۇرغۇچىسى ھەم ئىگىسى بىز.
شۇڭلاشقا بۇ ئاتەش زېمىندا،
تۇغۇلدى ھەم تۇنجى سۆيگۈمىز.

بىز كەلگەندە ئاتەش زېمىنغا،
شۇنچە مەغرۇر ئىدى قەددىمىز.
قىلغان ئىدۇق زېمىنغا سەجدە،
تۇزەلگەندەك بولدى قەلبىمىز.

قولنى قولغا تۇتۇشتۇق مەھكەم،
جانان بىلەن شۇندا ئىككىمىز.
نەپەسلەردە ئوتلۇق ھارارەت،
مىس رەڭگىگە كىردى چېھرىمىز.

دىلدىن ئۇرۇق چاچتۇق زېمىنغا،
ئايىمىدۇق بىزمۇ ھېچ تەرنى.
قاراقلاردا ئەكتۇق زىرائەت،
سۆيگۈمىزدە سۇغۇردۇق يەرنى.

ھېچكىم بىزنى ئۆگەتمىدى،
زېمىن بىزنى ئالدى قوينىغا.
ئالقانلارغا چېكىلدى نەقىش،
بوشاڭلىقنىڭ مىندۇق بوينىغا.

«قىزارماڭ سىز»، — دەيتتۇق مەنىلىك،
كەتمەن سېپى بويالسا قانغا.
نىگاھلارغا بىرەلەي بەرداش،
ي. قىلاتتۇق قىيغىتىپ يانغا.

كۆكسىمىزنى يېقىپ زېمىنغا،
كىرلىشەتتۇق تازا قانغۇچە.
مەجنۇن كەبى بولاتتۇق بىھوش،
كىرگىم پەيتى ئىشتىن يانغۇچە.

تۈن نىسپىدە ئۇردىلاتتى داڭ،
«باش زەربىدار» ① كۆتەتتى بىزنى.
ئۆز باغرىغا چىللايتتى زېمىن،
مەجرۇھ كەبى يىگىتنى - قىزنى.

ھالسىز تەنگە قىلاتتۇق دەدەت،
دىل مەلھىمى - ئىشقى سۆزىنى.
ئۆزىتاتتى بىزنى بىر جەڭگە،
شوخ يۇلتۇزلار قىسىپ كۆزىنى.

كىم ئېيتتىكەن: «سۆيگۈ بىر دېڭىز»،
كاراپ بولۇپ ئۈزەر ئىدۇق بىز.
ئىزدىگەندە دېڭىزدىن گۆھەر،
غەۋۋاس كەبى كىرەر ئىدۇق بىز.

«تۇنجى سۆيگۈ ئۇنتۇلماس مەڭگۈ»،
دانالارغا تەھسىن - ئاپىرىن.
شۇڭا دەيدۇ كىيىندىن سورىساڭ: —
«تۇنجى سۆيگۈ شېرىن ۋە شېرىن».

نىگاھلاردا قۇچىمىز كۆكنى،
مۇھەببەتسىز بۇ دۇنيا خىرە.
ئازلىق قىلار يازسىمۇ ئەگەر،
سۆيگۈمىزگە مىڭ بىر خاتىرە.

ۋۇجۇدىمىز، لەۋلىرىمىز ئوت،
قېنىشىمىدۇق ئۆز ئارا سۆيۈپ.
ئوتنى - ئوتقا قىلساق مۇجەسسەم،
پۈتكۈل جاھان كەتمەمتۇ كۆيۈپ.

① زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەش دولقۇنى.

ئاتەش زېمىن ئوتى دىللاردا، ئاتەش بىلەن سۇغۇرسا ياشنار،
لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ مەڭگۈ. ئاتەش يۇرتتا تۇغۇلغان سۆيگۈ.

(1972—1974) يىللار. ئىركچىن، ئۈرۈمچى



ئىقتىدارلىق ياش ئەدىب ـ ياسىن مۇخپۇل 1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۈرۈمچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ۋە «شىنجاڭ رادىئوسىفەن داشۆ» سىنى پۈتتۈرگەن. 1972 ـ يىلى «شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى» دە مۇزىكانت بولغان. 1981 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، ھازىرغا قەدەر مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

يازغۇچى ياسىن مۇخپۇل 1978 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ياشلىق تىلەكلىرى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىمىزگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ «ھېزىمەت ئەپەندى»، «پۇشايمان»، «قارانچۇق» قاتارلىق بىر نۇنچە ھېكايىلىرى ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي تەرجىمىلىرى «تارىم» ۋە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق ياش ئەدىب ياسىن مۇخپۇل 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ ناخشا، مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغا قەدەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا، مۇزىكىسى ۋە ناخشا تېكىستلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە 70 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى باغچا، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. «ئۈزۈمزار ماكان»، «ئالتاي»، «ئانار»، «قوشماق»، «ئاتا مېھرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ باغچا، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ جەمئىي بىر مىليون خەتتىن ئارتۇق توققۇز پارچە مۇزىكا دەرسلىك كىتابىنى مۇستەقىل تۈزگەن.

ياسىن مۇخپۇل 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا سەنئەت تەتقىقاتى، جۈملىدىن مۇزىكا تەتقىقاتى توغرىسىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىلىرىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ش ئۇ ئا ر «مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر باغچا، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر مۇزىكا مائارىپى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى.

ياسىن مۇخپۇل ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغان. بىز ئۇنىڭ خاتىرە شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

# ئاسمىنىنى ئىزدەيدۇ قۇياش

ئەزىزى

## چالا رىۋايەت

ئىنسىيان پەيدا قىلىدۇ چالالار
بالىلارنىڭ
ئەينەك كەبى تىنىق قەلبىدە،
پەرىشتە توغرۇلۇق سۆزلەپ رىۋايەت.
پەرىشتە —
سۆيۈلمىگەن لەۋ
ئامەتسىز قەبرە.
سىزنىڭ ئۈمىدىنىڭ چۈشى پەرىشتە
پەرىشتە — ھىدايەت...
كەپىنەك بالىلار،
پەرىشتىنى ئىزدەپ كېتىشەر،
تامام بولماي تۇرۇپ رىۋايەت.
چالالار تەنھا قالار نەھايەت.

**ئاسمان، زېمىن تۇتاشقان يەردە**

ۋەتەن بولماس،
چېگرىدىمۇ بولماس،
ئاسمان، زېمىن تۇتاشقان يەردە.

ئۇرۇش بولماس،
قان تۆكۈش بولماس،
ئاسمان، زېمىن تۇتاشقان يەردە.

جەمەلىق بولار، ياۋۇز بىر جەمەلىق
روھسىز ۋۇجۇدتەك —
ئاسمان، زېمىن تۇتاشقان يەردە.
ئادەم بولماس،

ئاسىيلىق بولماس،
ئاسمان، زېمىن تۇتاشقان يەردە.

**دەپ قويۇڭلار بۇلبۇلغا**

قاردىمايەن
ئاخشاملىرى رۇجەكتىن ئايغا.
شەرت ئەمەسقۇ،
ھەممىلا ئادەمنىڭ ئايغا قارىشى.
كۈتمەيمەن
ئىشىكىمنىڭ چېكىلىشىنى،
چېكىلمەيدۇ ئىشىك ھەقىقەتتىنمۇ

چۈشلىرىمگە كىرمەس ھېچنېمە،
چۈش كۆرمەسلىك ئەمەسقۇ ئەيىب؟

دەھرى شامالىدا
سەدىقە قىلىنمىغان خىياللىرىمنى،
قەلبىم قۇرۇق
ئوخشاش ھالقىدا.
ئۇندا گۈل بولماس،
كېزىپ يۈرمەس ئۇندا جۇشقۇراق،
دەپ قويۇڭلار بۇنى بۇلبۇلغا.

**كۈتۈش**

بۇ ئاجايىپ بىر ئەزىم شەھەر،
جەننەت كەبى ئاۋات شۇقەدەر.
ھەرتەرەپكە ئۆتۈشۈپ تۇرار.
تۈزدەك ياسانغان
كۈلكىسى جانىنى ئالىدىغان،
پەرىزاتتەك لېۋەن قىزچاقلار.

مانشىنىلار كىلەر ۋە كېتەر
قەدەمدە بىر تەنتەنە قىلىپ،
تەڭشەلگەن تارى بىلەن مۇزىكا چېلىپ.

بىر يىگىت تۇرار
سايىۋەنلىك بېكەت ئاستىدا.
شوراپ، شوراپ تاماكىسىنى،
ئېغىزىدىن چىقىرمەي ئۇدا.

ھېكمەتكە باي كونىلار سۆزى:
بازاردا مىڭ قىز،
كۆڭۈلدە بىر قىز.

## مەشرەپنىڭ مەشۇقىغا يازغان مەكتۇبلىرى

1

بەلكىم شەيتان ئازدۇردى مېنى،
قاراپ سالدىم.
سەن سايەڭنى تاشلىغان كۆلگە.
شۇندىن بېرى،
ئۈمىدلىرىم كۆيدى چوغ بولۇپ.
ئوخشاپ قالدىم،
چاڭقاپ قالغان ئەسىرلەر بويى،
يامغۇر چۈشەپ جۈيلىگەن چۆلگە.

2

تەقدىرىمدىن ئۆتكەن بىر سوئال،
سانجىلىدۇ ماڭا كۈنۈ - تۈن.
نېمىشقا
مۇھەببەتتىن يارالغان دۇنيا،
تارلىق قىلار مۇھەببەت ئۈچۈن؟

3

ئەنسىز تىپىرلاپ،
شامال كەبى دولقۇنلىنىدۇ.
چۆل - باياۋان قەدەملىرىمدە.
بۇلاقتەك ئۆكسۈپ
ئاسمىنىنى ئىزدەيدۇ قۇياش،
ئاچچىق پىغان
ئەلەملىرىمدە.

4

سەن يىراقتا
مەن يىراقتا
ئارىمىزدا سىرلىق بىر ئالەم.
قارىچۇقۇمدا بىر سۈرەت،
سۈرەتتە سەن —
ئالەم ئارا بىردىنبىر ئادەم.

5

كۆرگەنمىدىڭ
شامال كېلىپ يوقلىسا باغنى،
ياپراقلارنىڭ تۆكۈلگىنىنى؟
كۆرگەنمىدىڭ
ئاسماندىن ئاققان يۇلتۇزنىڭ،
بۇ شاۋق خىيالىدا ئۆچكەنلىكىنى؟؟
سەزگەنمىدىڭ
ئالەمچە ئۈمىدكە تولغان تىنىقنىڭ،
ئاستا - ئاستا يوتكەنلىكىنى؟؟؟
مەن ياپراق
مەن يۇلتۇز
مەن تىنىق.

6

مەن ئۆلسەم
يەرلىكىمنى چۆلدىن ئويۇڭلار.
ھاجەت ئەمەس نەقىشلىك گۈمبەز،
قەبرەمگە
ساتاردىنى سانجىپ قويۇڭلار.

# شېئىرلار

## پەرھات ئىلياس

### ئىشەنچ

ئىشەنمەيمەن كۆنۈك ھېسلارغا،
ئەمما، ئىشىنىمەن.
مۇھەببەتنىمۇ، نەپرەتنىمۇ
بىلمەي ياتقان سەبىي بوۋاققا.

ئىشەنمەيمەن ھازىدارلارغا،
ئەمما، ئىشىنىمەن
جۈدۈن پەسلى توگۇپ، دىرىلدەپ
ئۈنسىز يىغلىغان يوپۇرماقلارغا.

ئىشەنمەيمەن ۋىسال بەختىگە،
ئەمما، ئىشىنىمەن
ۋىسال ئۈچۈن ھىجران دەشتىدە
تارام - تارام تۆككەن ھەسرەتكە.

ئىشەنمەيمەن ئاشۇ يېزىللارغا،
ئەمما، ئىشىنىمەن
ئاشۇ يولغا چىقمىش كويىدا
ئۆزۈم ئاچقان چىغىر يوللارغا.

ئىشەنمەيمەن تۇغۇلغانلارغا،
ئەمما، ئىشىنىمەن
تۇغۇلغانلارنى تۇغۇش كويىدا
تولغانغانلارغا.

### چۆچەك ئىزلەپ يۈرىدۇ بالا

چۆچەك ئىزلەپ يۈرىدۇ بالا
ئورمانلاردىن.
قېرى شەمشاد ياپراقلىرىنى
چۆچىكىم دەپ تاشلاپ بېرىدۇ.

چۆچەك ئىزلەپ يۈرىدۇ بالا
دەريالاردىن،
ساھىللارغا قويىدۇ يېزىپ،
ئۇ بىلمەستىن بۈژغۈنلار چېچىپ.

چۆچەك ئىزلەپ يۈرىدۇ بالا
پايانسىز كۆكتىن،
يۇلتۇزلار
چۆچەك سۆزلەپ تاڭ ئاشۇرىدۇ،
ئاي ئاسانلا قالىدۇ ئۇخلاپ.

ياپراقلاردا،
بۈژغۈنلاردا
يۇلتۇزلاردا...
قىزىق - قىزىق چۆچەكلەر
ياتىدۇ ئۇخلاپ.
ئەمما...
چۆچەك ئىزلەپ يۈرىدۇ بالا.

### چوغ سورىغان بالا

قاق سەھەردە،
لاخشىگىرنى كۆتۈرگەنچە بىر بالا
چوغ سوراپ كەلدى ئۆيۈمىزگە.

كوللەرنى چۇخچىلاپ
ئېلىپ بەردى قۇياشنى.

چوغ ئۈستىگە تۆكتى ئانىسى
دەريالارنى،
چۇققىلارنى،
ئىدىرلارنى
پارچىلاپ.

قىرزدى تونۇر،
ياقتى بۇلۇتلارنى.
پەشتى قىرزدىپ ...

چوغ كۆمۈشنى بىلەمەدىكىن ئانىسى؟
بىرگىن يەنە قاق سەھەردە،
چوغ سورىشىلى كەپتۇ شۇ بالا.
قولتۇقىدا پالاخشىگىرى،
مۇزلىغان قوللىرىنى ھۆرداپ قويۇپ
ئىشىكىنى چېكەر ئۈرۈپ قىنىق:
كۆزلىرىنى ئاچالماس ئۇيقۇ.
ئەگىپ-ئەگىپ كەتمەيدۇ بالا.

## زىندىقىدا قىزچاقىنىڭ بىر تامچە ياش

زىندىقىدا قىزچاقىنىڭ
بىر تامچە ياش.
ياش ئىچىدە ئۈزخلار تولۇن ئاي.
قىزىمۇ ئۈزخلار بۇندىن بىخەۋەر.

زىندىقىدا قىزچاقىنىڭ
بىر تامچە ياش...
يۇلتۇزلار خىيال سۈرەر ياش ئىچىدە،
قۇشلار سايرىشىدۇ ياش ئىچىدە.
شاماللار شىپىر ئۇقۇيدۇ ياش ئىچىدە،
ياپراقلار سۆيۈشىدۇ ياش ئىچىدە.

زىندىقىدا قىزچاقىنىڭ
بىر تامچە ياش.
چېكانلار ئۈزنى خالىمۇ بولسا دەيدۇ.
ئاسمان قۇياشىم بولسا دەيدۇ.
ئۈزۈكلەر ياقۇت كۆزۈم بولسا دەيدۇ،
چوغلۇقلار ئالتۇن تاجىم بولسا دەيدۇ.

زىندىقىدا قىزچاقىنىڭ
بىر تامچە ياش.
ۋىناسىمۇ ياش ئىچىدە تۆكەرئىسسىق ياش.

تۈن يېرىمىدا يىدۇ ھاياجاندا.
ئۈزىغانسىكەن دەيدۇ تاڭ-سەھەر.
بەزەن-بەزەن ئۈزھ تارتىپ قويۇپ،
قىز ئۇخلايدۇ بۇندىن بىخەۋەر.

## قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم

تۈغۈلغاندا ئونسىز بىر ئۈمىدى،
يىلتىمىدىغان قەغىشلىك بىلەن.
ئاچچىق ئىسلار، ئوتلۇق تىنىقلار،
بولغان ئىمدى سۆيگۈمگە ۋەتەن.
تەنھا كەزدىم خىلاۋەت يوللارنى،
ھېسلىرىمنى چۈشەنمەس ئاۋام.
ئۈزدىلارغا تۆكۈلگەن ئىمدىنىم،
موڭلىرىمدا ئۈشىگەن ئاخشام.
ئۈنسىز كۆيگەن ئۈنسىز مۇھەببەت،
قالدى ئۈندىن بىر سىقىملا كۈل.
ئۈنسىز قالسۇن ئاشۇ بىر ناخشام،
قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم.

خادا تاشتا ئۈرۈلدۈم تالاي،
دارجانلارغا ئايلاندى يېشىم.
نالە قىلدىم تەگرىگە تالاي،
يۇلتۇزلارغا ئايلاندى يېشىم.
قىزىل باشتى كىرپىكلىرىمنى،
كۆنەكلەردە قالدى تەبەسسۇم.
ناخشىلىرىم ياتىدۇ ھالسىز،
نەقراتلىرى يىغلايدۇ يۇم-يۇم.
ئۈنسىز كۆيگەن ئۈنسىز مۇھەببەت،
قالدى ئۈندىن بىر سىقىملا كۈل.
ئۈنسىز قالسۇن ئاشۇ بىر ناخشام،
قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم.

ئۆچتى ئەمدى كەتتى ئۈزۈلۈپ،
شەبنەملەرگە يازغان ھېسلىرىم.
شىۋاقلارنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ،

دالىلاردا قالدى ھىدلىرىم.
مۇخلار بىلەن سىردىشىدۇ ئۈزۈ،
كېچىلەرگە كېتىدۇ سىڭىپ.
ۋىسال ئۈچۈن ياش تۆكسە مۇزلار،
كىرپىكلەردىن ئاقىدۇ سىرغىپ.
ئۈنسىز كۆيگەن ئۈنسىز مۇھەببەت،
قالدى ئۇندىن بىر سىقىملا كۈل.
ئۈنسىز قالسۇن ئاشۇ بىر ناخشام،
قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم.

**بەختىڭ ئۈچۈن ئالدىدىم سېنى**

بەختىڭ ئۈچۈن ئالدىدىم سېنى،
ئالدىماسقا مەندە نە چارە؟
چىن سۆزۈمنى ئېيتسام ناۋادا،
يۈرەكلىرىڭ بولىدۇ پارە.

بەختىڭ ئۈچۈن ئالدىدىم سېنى،
شادلىقىڭدۇر ساختا ھېسلىرىم،
كۆڭلۈڭنى دەپ ئالدايمەن بىراق،
مېنىڭ ئۆرتىنىپ يانار يۈرىكىم.

### تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

ئەخمەق بىلەن مۇنازىرە قىلىش—كۆرگە چىراغ ياققان بىلەن باراۋەر.

پ. بوئاست

ئۆزىمىزدە يېتىشمەيۋاتقان پەزىلەتلەر توغرىسىدىكى ماختاشلارمۇ بىزگە يېقىپ قالىدۇ. ئەخمەققە: «ئەقىللىقسەن»، ئالدامچىغا: «دۇنيادىكى ئەڭ راستچىل ئادەمسەن» دەپ بېقىڭ، ئۇ دەرھال سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.

ي. فىلدىڭ

يامان ئادەملەر كىشى بەدىنىدە يۈرۈپ پەقەت يارا بار جايغا كەلگەندە توختايدىغان چىۋىنغا ئوخشايدۇ.

ج. لابرويېر

ھەقىقەت ئالتۇندەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ چەكسىز ئېقىمىدا دائىم تۆۋەنگە ئولتۇرۇۋالىدۇ. سەپسەتە تېزەكتەك يەڭگىل بولغاچقا، دائىم سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدۇ.

ف. بېكون

ئۆتكەن ئەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش دېگەنلىك — شۇ دەۋرنى ساياھەت قىلىش دېمەكتۇر.

ر. دېكارت

ئادەم تەبىئىي قىزىق يارىتىلغان. بايلىقىنى يوقاتسا خاپا بولىدۇ. ئەمما ئۆمرىنىڭ زايا بولۇۋاتقىنىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

ئابۇل قاراج

سەۋر-تاقەتكە قادىر كىشى خالىغان نەرسىگە ئېرىشىشكىمۇ قادىر.

ب. فرانكلىن

# سەنئەتتە «قاتلام» ۋە «قاتلام نەزەرىيىسى»

(ماقالە)

تۇرسۇن كەلپىن

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 50 - يىللارغىچە چەت ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى بەكمۇ تېز بولدى. تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىزلىنىشلەر ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق ۋە گراممېتىكىسىنىڭ بارلىق قائىدە - قانۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تىلنى قاتلام نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. 1725 - يىلى ئىتالىيە ھوقۇقشۇناسى يەنبادىستىر ۋىيك يازغان «يېڭى ئىلىم» ناملىق كىتاب تىلنى قاتلاملىق تەتقىق قىلىشقا ھەم تىل قاتلاملىق تەتقىقاتىدىكى تۈرلۈك ئۆتكۈر ئېقىم - گۇرۇھلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. بىراق قاتلاملىق تىل تەتقىقاتى تارىخىدا شىۋېتسارىيە تىلشۇناسى سېشېر 1906 - يىللىرى ئەتراپىدا يازغان «ئاممىباب تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى» دېگەن ئەسەر ئىلمىلىكى بىلەن ئالدىنقى نەزەرىيىلەرنى تۈگەللەپ قاتلام گراممېتىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە رەسمىي ئاساس سالدى.

بۇ جايدا مۇنداق بىر نۇقتىنى قىستۇرۇش ھاجەتكى، بۇ دەۋردىكى بەزى ئالىملار قاتلام ھەققىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بۆرۈنقى ئەپسانە - چۆچەكلەر بىلەن شېئىرىيەتنىڭ تىلىدا بىر خىل سىرلىق، ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇچى قاتلامنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلىشتى، ئۇلار تەپەككۇرنىڭ ئاڭسىزلىقىنى بىر قاتلام دەپ قارىدى ۋە بۇنداق ئاڭسىز تەپەككۇر كاتېگورىيىسى ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى ئاساس، بۇنداق ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ «لوگىكىسى» ئارىستوتىل لوگىكىسىغا ئوخشىمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇلار يەنە قەدىمكى ئىنسانلار ئاڭسىز تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ بەدىئىي سەمەرىسى بولغان ئەپسانىلەر ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق بولغان سەمەرىلىك تىل پائالىيىتى بولۇپ يۇقىرى قاتلامدا مەنىدارلىق شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى سۆز ماددىي گەۋدىلىرىدىن ئايرىلىپ خۇددى شېئىرىيەت تىلىدا ئىستېتىكىلىققا، پوئېتىكىلىققا، قىسقىراپ كۆپتۈرمىلىككە، رەڭگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق تىل ئاللىقاچان ساپ تىل پائالىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەچكە بىز بۇ ئەپسانە چۆچەك ۋە شېئىرلارنى ئاڭلىساق باشقىچە تۇيغۇلارغا ئىگە بولىمىز ۋە ئۆزىمىزنى مۇڭلۇق تۇركېستېرنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز دېگەن قاراشلارنىمۇ ئالغا سۈردى. بىراق شېئىر قاتلام ھەققىدىكى بۇنداق ھېسسىي قاراشلارغا ئىشەنمەي ئۇنىڭغا رېئال دۇنيادىن ئاساس تاپماقچى بولىدۇ. شاگا ئۇ ئۆز كىتابىدا دۇنيا مۇستەقىل مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ تۈزۈلمىلەردىن قۇرۇلغان، ئۇنداقتا ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىلمۇ «سۆز»

دىن ئىبارەت بولغان يەككە ئاملىلارنىڭ يىغىندىسىدىن تۈزۈلگەن، بۇنداق يەك-
كە ئاملىلارنىڭ «مەنىسى» بەلگىلىك تارىخىي دائىرىنىڭ ئىچىدىكە كىرىپ سىستېمىغا
ھاسىل قىلىدۇ ھەم خاتىرىلىنىش ئارقىلىق ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى پاساي-
دۇ» دەپ كۆرسىتىپ تىلنى بىرىنچى قېتىم تىل (ئابستراكت تىل سىستېمىسى)
ۋە سۆز (كونكرېتلىق ئالاقىدىكى) دەپ قۇرۇلما جەھەتتىن ئىككى قاتلامغا بۆلىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بارلىق گۇرۇھ ۋە ئېقىم-
لار شېئىرنىڭ قاتلام چۈشەنچىسىنى يادرو قىلغان ئاساستا تىلنى قاتلام قۇرۇل-
ما ۋە شەكىل جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشىپ بۇ ھەقتىكى ئەڭ كەڭ ۋە ئىنچىكە چۈ-
شەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. قاتلاملىق تىل تەتقىقات تارىخى 60 - يىللارغا
كەلگەندە بۇ خىل ئىزدىنىشلەرنىڭ مەركىزى ئامېرىكىغا يۆتكەلدى ۋە بۇ پەنى-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئامېرىكىدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئامېرىكىدا تىلشۇ-
ناسلىقى تىلنى نوقۇل تىل ھادىسىلىرى نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلىدىغان بۇنداق
چەكلىك، ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ رامكىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تىلنىمۇ گويا
بىر ئوبرازلىق ھادىسە سۈپىتىدە تونۇپ يەنە باشقىدىن قاتلاملارغا ئاجراتتى ۋە
ئۇنى مەزمۇن قاتلاملىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. سىدنىي لامب 1966 - يىلى
يازغان «قاتلاملىق گرامماتىكا تېزىسلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تىلنىڭ مەزمۇن
ۋە شەكىل ئاملىلىرىنى تەڭ ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا مۇنداق تۆت قاتلامغا
يەنى: ① ئىپادىلەش سۇبيېكتى (تاۋۇش ماتېرىياللىرى)، ② ئىپادىلەش شەكىللىرى
(تەشكىللەنگەن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ شەكلى)، ③ مەزمۇن سۇبيېكتى (مەزمۇن
ۋە ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى)، ④ مەزمۇن شەكىللىرى
(ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكىللىرى) قاتارلىقلارغا ئاجراتتى. ئۇ يەنە يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچى-
دە ئىپادىلەش شەكىللىرى بىلەن مەزمۇن شەكىللىرىنىڭ تىلشۇناسلىققا تەۋە
ئىكەنلىكىنى، ئىپادىلەش سۇبيېكتى بىلەن مەزمۇن سۇبيېكتىنىڭ بولسا تىلشۇناس-
لىققا تەۋە بولمىغان كاتېگورىيىلەر ئىكەنلىكىنى ھەر بىر قاتلام ئوتتۇرىسىدا گويا
ئېلېكترا نۇرلىرىدەك مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئىزاھلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئامېرى-
كا تىلشۇناسلىقى مەيلى قاتلام گرامماتىكىسى ۋە ياكى باشقا ئېقىملار بولمىسۇن تىل
ھادىسىلىرىنى ئىنسانشۇناسلىق (قۇرۇلما ئىنسانشۇناسلىق)، ئەدەبىيات - سەنئەت
ئېستېتىكا، ئەدەبىياتتىكى ياتلىشىش، بەلگە ئىلمى، شېئىرىيەت قاتارلىق كەڭ
مەزمۇنلار بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلدى. قىسقىسى تىلغا گويا بىر ئوبرازلىق
ھادىسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، تىلنى ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەت-
لىرى جەريانىدىن تەسۋىرلەپ بەرمەكچى بولدى. قۇرۇلمىچىلارنىڭ قاراشلىرى
تىلنى بارلىق روھىي ئىلىملەر بىلەن ھەتتا پەلسەپە بىلەنمۇ ئاجرالماس گەۋدىگە
ئايلاندۇردى. ئىككىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ياكى بىرىنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىدىن
ئىبارەت بۇ پەلسەپەۋى قائىدە ئۇلارنىڭ تىل تەتقىقاتىدىكى پەلسەپىۋى ئاساس
بولدى. بۇنداق مۇستەھكەم پەلسەپىۋى تىرەككە ئىگە بولغان قاتلام قۇرۇلمى-
لىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئەدەبىيات - سەنئەتكە زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە بۇ

ئىلمىنى قامچىلىمۇەتتى ھەتتا قاتلام، قۇرۇلمىچىلار ئىنسان روھىنىڭ مەڭگۈلۈك قۇرۇلمىسىنى ئىزدەش ۋە تۇرغۇزۇشتا تىلشۇناسلىق بىلەن ئىنسانشۇناسلىقتىن ياخشىراق ساھە يوق دەپ قاراشتى. بۇنىڭ بىلەن قاتلام چۈشەنچىسى ئۆز مەنىسىگە ئوخشاشلا زور كەڭلىكلەرگە ئېرىشىپ بارلىق پەنلەرگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. دەسلەپكى قەدەمدىلا قاتلاملىق تەتقىقاتلار بويىچە «قاتلام ئىستېتىكىسى» «ئادەم بەدىنىدىكى قاتلاملار» «ئەدەبىياتتىكى قۇرۇلما» قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ مەلۇم تارىخىي جەريانلاردىن كېيىن بارلىق روھىي ئىلىملەر سۇبيېكت، ئوبيېكت، مەقسەت، ئىجتىمائىي كۈچ- قۇۋۋەت، ھەممە پەنلەرنىڭ چېقىش ۋە كېسىشىش نۇقتىسى تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى بولغان ئادەمنى قاتلام قۇرۇلما جەھەتتىكى تىلسىملىقى، مۇرەككەپلىكى ھەم گۈزەللىكى ئارقىلىق ئىنسان روھىنىڭ شولىسى بولغان تەبىئەت بىلەن تەڭ تۇرىدىغان مۆجىزە دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ تەبىئەتنىڭ گۈلتاجىلىق، ھاكىملىق ئورنى مۇقىملىشىپ، ئەزەلدىن ئادەمنى مەركەز قىلىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات- سەنئەتتە ئىنساننىڭ تارىخىي تەقدىرى، دۇنيادىكى ئورنى، ئادەم روھىنىڭ ئەبەدىيلىك قۇرۇلمىسى ۋەپاكلىقى، خاراكتېرىنىڭ ئىزگۈ ئىجابىي گارمونىيىسى ھەم مەدەنىيەتلىك ئىنساننىڭ بارلىق دەرد- ئازابلىرى، قىسمىتى، ئادەمدىكى سېھرىي كۈچ (شولوخوپ) نى قېزىش، ئىپادىلەش بويىچە بۇرانلىق ئىنقىلابلار بولدى، ئۇتۇقلار يۈكسەكلىككە ئېرىشتى، بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئەدەبىياتى بولۇپمۇ يەنە شۇ ياۋروپانىڭ مۇدىرنىزىملىق ئەدەبىياتى ئادەم روھىنى ئىپادىلەش، ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش جەھەتتە ئىلگىرىلەپ، يۇقىرىقىلارنى ئۆزلىرى ئۇچۇن شۇھرەت قىلغان بولسىمۇ بىراق ئۇلار ئادەمنىڭ باي خاراكتېرى، قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك روھىي دۇنياسىنىڭ بارچە مۇرەككەپلىكلىرىنىڭ ئۇلار ئالىدىغان ۋاقتى ئۆتكەن دەپ قارايدىغان رېئالىزم ئەدەبىياتىدا خۇسۇسەن 19- ئەسىر رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غول ماس مۇنارى بولغان تولستوي ئەسەرلىرىدە ئاندىن ئەسىرىمىزدىكى كاتارسىيا ماركىزنىڭ «ئەسىرلىك تەنھالىق» ىدا بالاغەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى، ئىپادىلەنگەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى، تولستوي ۋە دوستويېۋىسكىلار بەكمۇ مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك شەخسلەر بولغاچقا ئۆز ئادەملىرىنىمۇ ئاشۇنداق مۇرەككەپ نۇقتىغا قويۇپ، ھەر تەرەپتىن تەسۋىرلىدى. تولستوي ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە بىر مەلۇم ئايال پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نەچچە قېتىم بىۋاسىتە تەسۋىرلىگەندىن سىرت ئۇنىڭ 70 نەچچە قېتىملىق كۆز ئىپادىسىنىڭ نازۇك مەنىلىرىنى سۈرەتلەپ، بۇ ئايال ئوبرازىنىڭ ئەڭ مول قەلب دۇنياسىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.

ھەممىگە ئايانكى كۆز ئادەم روھىنىڭ جاھاننامىسى. ئۇنىڭدا ئىنسان قەلبىنىڭ ۋە تاشقى دۇنياسىنىڭ جۇلاسى ۋە شولىسى بار، پەقەت كۆز ئارقىلىقلا تاشقى دۇنيا ئاڭغا ئاسمالاتسىيە قىلسا يەنە شۇ كۆز بىلەن ئادەم روھى پۈتكۈل ئالەم بولۇپ چېچىلغان. كۆزنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى قاتلاملىرىنى بايقاش ئوڭغاي ئەمەس

ئەمەس. لېكىن ئادەمنىڭ چىرايلىق ھەم ئوبرازلىق ئورگىنى بولغان كۆزمۇ باش-
قا ئورگانلىرىغا ئوخشاشلا سانسىز ئېلېكتر تارىلىرى (قاتلاملىرى) نىڭ تارتى-
لىشى بىلەن مېڭە تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان. مۇشۇ تارىلارنىڭ يەنە قاتلاما-
لارنىڭ پەقەت بىرسىلا بۇزۇلسا ئادەمنىڭ ھاياتى نورمالسىزلىققا ئۇچرىغىنىغا ئوخ-
شاش كۆزنىڭ مېڭىگە باغلانغان نېرۋىلىرى (تارىلىرى) دىن بىرىلا ئۈزۈلىدى-
كەن كۆزدىن ئىبارەت ئادەمنىڭ روھىنىڭ چىرىغى ئۆچكەن بولىدۇ. ئادەمنىڭ
ئىچكى دۇنياسىنى كۆكۈم باسىدۇ. بىراق ئاڭدىن ئىبارەت بۇ روھىي قاتلام ھا-
مان ئويغاق بولۇپ ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەردىن كۆزنىڭ ئورنىنى باسالمىسىمۇ
لېكىن ئۇمۇ كۆزدە بولمىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى-
نى كۆرەلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا توغما ئەما ھومېرنىڭ مەشھۇر ئەپسا-
نىۋى داستانلارنى يازالىشى تاسادىپىي ھادىسە بولمىغىنىدەك، ئەمالارنىڭ ھەقىقىي
بەدىئىي ئەسەر يازالىشىمۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھالدۇر. بىزنىڭ يۇقىرىقى-
لارنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىمىزمۇ ئادەمنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىقىنى، بۇنىڭغا كۆز-
نىڭ تولىمۇ ئوبدان شاھىد بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بالزاك
ئۆزىنىڭ بىراۋغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«خاراكتېرىمنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن
ئۆزۈمنى خۇددى باشقىلارنى كۆزەتكەندەكلا كۆزىتىپ بارىمەن. مېنىڭ 1.70
مېتىر كېلىدىغان گەۋدەم بارچە ئىختىلاپ ھەم زىددىيەتلەرنى ئېلىپ يۈرىدۇ.
بەزىلەر مېنى تەكەببۇر، رومانتىك، جاھىل، يېنىك، چېچىلاڭغۇ، ئەسەبىي، بىپەر-
ۋا، ھورۇن، ئېزىلەڭگۈ، تەۋەككۈلچى، ئىرادىسىز، تولا سۆزلەيدىغان، ئەتراپلىق
ئەمەس، ئەدەبسىز، غەلىتە، خۇشچاقچاق دېسە، بەزىلەر مېنى ئاددىي - ساددا،
كەمتەر، قورقماس، قەيسەر، پائالىيەتچان، ئىرادىلىك، جىمغۇر، ئەستايىدىل،
ئەدەبلىك، خۇشخۇي، تەبىئىي يوللۇق دەيدۇ. يەنە بەزىدە مېنى بىلىملىك-
بىلىمسىز، قابىلىيەتلىك - ھاماقەت دەيدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ» بۇلار بالزاك-
نىڭ پسىخولوگىيىلىك مىجەز - خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ - باي قاتلاملىق تۈزۈل-
مىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇنى مەزىسىز مۇكەممەل ئادەمدىن مۇرەككەپ سۆيۈملۈك
ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

خۇددى شائىر يېسېنىن «شائىر بولمىسام ئوغرى بولار ئىدىم» دەپ ئېيتقاندەك،
ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە تالانتلىق سەنئەتكارلارنىڭ
پسىخىك مىجەز خاراكتېرىدە زاھىتلىق، ئۆكتەملىك، ياۋايىلىق ۋە تەۋەككۈلچى-
لىك قاتارلىق غەيرىي پسىخىك كەيپىيات قاتلاملىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدى-
كەن. ئۇلارنىڭ مىجەزىدە پسىخولوگىيىلىك تېمپېرامېنت تۇراقسىزلىنىپ تۇرىدى-
كەن. شۇڭا يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە خۇددى
«بايروننىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ كۆلەڭگىسى بار»
(بېلىنسكى) بولغىنىدەك يا ئۇنداق ياكى بۇنداق يوللار بىلەن ئەكسىنى تاپى-
دىكەن، خۇسۇسەن بالزاكنىڭ ئىككى قاتلامنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى ئاساسىدى-

كى باي خاراكتېرىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى گۈزەل ۋە خۇنۇك، ياخشى ۋە يامان، چىن ۋە ساختا بولغان مۇرەككەپ پېرسوناژ تىپلىرىنىڭ خاراكتېرلىرىدە تولۇق نامايان بولغان.

كۆپچىلىككە ئايانكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت شەيدالىقتىن باشلىنىپ سەۋدايىلىق ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان جەريان. ئۇ ئادەتتە بىر تەسىراتتىن يارىلىپ، ئىجادكارنىڭ روھىي قاتلاملىرىدا لېرىك ئۇچقۇنلارنى ياندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەنئەتكارنىڭ قەلبى دېڭىزدەك تەۋرەيدۇ. روھىي تۇرغۇنلۇقتىكى پسىخولوگىيىلىك، بىئولوگىيىلىك تەكپۈكلۈقى بۇزۇلۇپ ئىز ئەسەرگە ھامىلدار بولىدۇ. جەننەت خۇشاللىقلىرى بىلەن دوزاخ ئەلەملىرىنى تارتىدۇ. ھەر قانداق مۇستەھكەم مۇناسىۋەتكىمۇ پىسەنت قىلماس بولۇپ كېتىدۇ. ۋىجدانىي سوتلار ئۇنى ھەم ئاقلاپ، ھەم قارىلاپ تۇرىدۇ. سەنئەتكار ئىككىلا ئەھۋالدا روھلىنىدۇ. ئۇ قېنىپ - قېنىپ يىغلىۋالىدۇ. كۆز يېشى پاكلانغان مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئاپتورنى روھىي ئازابتىن قۇتقۇزۇش باسقۇچىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. بۇ مۇساپىنىڭ بىر ھالقىسىمۇ قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئىلھامنىڭ — تۇيغۇلارنىڭ شائىر قەلبىنى تېشىشى، توغرىسى شېئىر پىكرىنىڭ، شېئىردىي ئوبرازنىڭ يېتىلىش جەريانى بولۇپ سانىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقىدەك روھىي بوشلۇقلار بولمىسا ياكى مۇنداق دەۋرەپ كەلگەن ئوتلۇق ئىلھام مەلۇم شەكىل بىلەن شېئىر بولۇپ يارالمىسا «ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك قىممىتى سانالغان سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رېئال بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاپتورنى تۇتقۇنلۇقتا روھىي كېسەلگە ئېلىپ بارىدۇ» (ئېرىخ فىردوم). دېمەك، مۇشۇنداق ھالدا بارلىققا كېلىدىغان كىچىك بىر پارچە لېرىك شېئىردىمۇ نۇرغۇن قاتلاملار بار. مەسىلەن: ئەسەر يېزىلىشتىن كىتابخانلار بىلەن ئۇچراشقىچە ئەسلى گۈزەللىك، ئىستېتىكىلىق، ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىي باھا ۋە ئىستېتىكىلىق قايتا تەربىيە قاتارلىق بەش قاتلامنى، تەپەككۇر جەھەتتىن لوگىكىلىق تەپەككۇر بولۇپمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ باغلىما تەپەككۇر قاتارلىق شەكىللىرى ھەم ئاڭسىز تەپەككۇر قاتارلىق قاتلاملارنى، گەۋدە نۇقتىسىدىن ھېسسىياتقا نىسبەتەن بولالايدىغان ئوبيېكت، لىروس بوشلۇقى ھەم سۇبيېكت قاتارلىق قاتلاملىرىنى، ئىجادىيەت جەريانىدىن ئېيتقاندا ئاڭلىق ئوبيېكتىپلىق، ئاڭسىز سۇبيېكتىپلىق ۋە ئاڭسىز ئوبيېكتىپلىق، ئاڭلىق سۇبيېكتىپلىقتىن ئىبارەت ئىچكى دۇنيانىڭ، روھنىڭ غەيرىي ئۆتۈشمە قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇۋاقىتتا ئىلھاملانغان شائىر روھىيىتىنىڭ ۋە شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ قاتلاملىرىنى بايقاش قىيىن ھادىسە بولۇپ، ئۇ گويا ھەسەن - ھۈسەن رەڭلىرىگە ئوخشاش نۇرلۇق ۋە سەلتەنەتلىك بولىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، قاتلام ماكان ۋە زامان جەھەتتىن چەكسىز بولغان، بولىۋاتقان، بولىدىغان ئەبەدىيلىك كاتېگورىيە. مۇھىتتىن ئىبارەت بىرلا قاتلام بولغاندا يەر شارى ھەم ئىنسانلارنىڭ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىغىنىدەك قاتلام چۈشەنچىسىنى تۇرغۇزماسلىق پەن ۋە سەنئەتكە خىلاپ پۈتكۈل دۇنيا مۇمكىناتىنىڭ ھەرىكەت، فىزىكىلىق ھەرىكەت، خىمىيىلىك ھەرىكەت، بىئولوگىيىلىك

( داۋامى 35 - بەتتە )

# 20-ئەسىر ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل

(ماقالە)

ياڭ جۈەنشىن

«20-ئەسىر ئەدەبىياتى» دەۋرىمىزنىڭ ئەدەبىياتىدۇر. ئېنىق ئېيتقاندا بۇ ئەدەبىياتنى ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتقا سېلىشتۇرغاندا بىزگە تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ تونۇش ۋە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك. ئەپسۇسكى يەنە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، «20-ئەسىر ئەدەبىياتى» بىزدىن، گويا تېخىمۇ يىراق، بىزگە تېخىمۇ يوچۇن بولغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەدەبىياتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ يەردە دەۋرنىڭ سەۋەبى بار، دۇنياۋىلىق مەسىلىسى بار. شۇنداقلا ئېلىمىزدە، ئۆزىمىزدىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر بار. ھازىر دۇنياغا يۈزلىنىدىغان يوچۇق ئېچىلدى. ئاجايىپ-غارايىپ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇ ئەھۋال بىزنى ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىنى تونۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## 1. دەۋر ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئەھۋالى

20-ئەسىر، ئاپەت ۋە مۇشەققەت، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان دەۋر بولدى. 20-ئەسىر، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، ئۈمىدسىزلىككە، شۇنداقلا ئۈمىد ۋە قۇرۇلۇش روھىغا تولغان بىر دەۋر بولدى. 20-ئەسىر نابۇت قىلغۇچى ۋە ئىجاد قىلغۇچى بىر دەۋر بولدى... ئىنسانىيەت تارىخىدا قېنى قايسى دەۋر بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدەك مۇرەككەپ زىددىيەتكە تولغان؛ مۇشۇنداق تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلغان ۋە كىشىلەرنى مۇشۇ دەرىجىدە ئەندىشىگە سالالىغان؟

ئىنسانىيەت 20-ئەسىرگە كىرگەندىن باشلاپلا، ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ھايات كەچۈردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى؛ ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە مىليونلىغان كىشىلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. 1945-يىلى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ تاكى 1984-يىلىغا قەدەر، يەر شارىدا ئېلىپ بېرىلغان رايون خاراكتېرلىك ئايرىم ۋە كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇشلار 150 قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. 1985-يىلى بىر يىللىق ھەربىي خىراجەت يەر شارى بويىچە 94 مىليارد دوللارغا يەتكەن. بۇ پۇل بىلەن 50 مىڭ دانە يادرو بومبىسى ياسىغىلى بولىدۇ. بۇ بومبا يەر شارىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىشقا يېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھازىر يەر شارىدىكى ھەر بىر ئادەمگە ئۈچ توننىدىن ئارتۇق يۇقىرى ئىقتىدارلىق پارتلاتقۇچ دورا توغرا كېلىدىكەن. دېمەك ئۇرۇش ئەزرائىلى

دەل ئىنسانىيەتنىڭ قۇربان بېرىشىنى كۈتمەكتە. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە
كۆپىيىشى، شەھەرلەرگە مەركەزلىشىشى، شەھەرلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى،
شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتى، سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلى-
شىغا ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ ئەھۋال تەبى-
ئەتنى تەرتىپسىز بۇلاشنى ۋە دەپسەندە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرشارى
خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلدى. سانسىزلىغان ئور-
مانلار كېسىلدى، ھايۋاناتلار ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالدى. كۆل، دەريا،
دېڭىزلار قۇرۇدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ
بېشىدىكى بۇلغىنىش ئەھۋالىغا 20% قوشۇلۇپ، يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان
ئاتموسفېرانىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇۋەتتى. نەتىجىدە قۇرغاقچىلىق، بوران، سۇ
ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۈنسايىن ئېغىرلاشتى.

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىلىم-پەن ھەر كۈنى دېگۈ-
دەك يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى
تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ستاتىستىكىغا
ئاساسلانغاندا 90% تىن ئارتۇق ئالىم ياشىغان 20-ئەسىردە ماكرو جەھەتتىن
قارىغاندا، كىشىلەر يەر شارى، ئاي شارى، قۇياش شارىنى تەتقىق قىلىپلا
قالماي، تەتقىقاتچىلار سامان يولى سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزلىنىش قاتارلىق
پائالىيەتلەرنى كۆزىتىشكە بولىدىغان دائىرىدە ئالەمنى تەتقىق قىلىشقىچە
كېڭەيتكەن. كىشىلەر ياسىغان سۈنئىي ھەمرا، ئالەم كېمىسى، ئالەم بوشلۇ-
قىغا چىققان؛ مىكرو جەھەتتىن قارىغاندا ھازىرقى زامان فىزىكا پېنى
«ئاتوم پارچىلانمايدۇ»، دەيدىغان مېتافىزىكىلىق قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ،
ماددىي قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ كىچىك قاتلىمى — «ئاساسىي زەررىچىلەر»، «كۋارك»نى
بايقىغان. بىئولوگىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھاياتلىق سىرى ئېچىلدى.
ئىلىم-پەن بىلەن ماشىنا ئادەم ياساش رېئاللىققا ئايلاندى. ئېلېكترونلۇق
ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ماشىنا ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى
ئىلگىرى سۈردى. 50-يىللاردا باشلانغان «3-قېتىملىق دولقۇن» پۈتكۈل دۇنيا
ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى ئۆزگىرى-
شىنى تېزلەتتى. پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ
تەرەققىياتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە ماس قەدەملىك سۈنئىي
ھەمرا يەر شارىنى قاپلىدى. دۇنيا زور دەرىجىدە تارىيىپ ئۆتمۈشتىكى
بېكىنمە ھالەت ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولۇپ، دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە
رايونلار ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. پەن-تېخنىكىنىڭ
تەرەققىياتى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا شىددەتلىك
تەسىر كۆرسىتىپ، بۇنداق ئۆزگىرىش ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە تېما، مەزمۇن
جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شەكىل ۋە ماھارەت جەھەتتىمۇ ئىپا-
دىلەنمەكتە. مۇشۇ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن «ئېكران مەدەنىيىتى» ئۇرغۇپ

تۇرغان ھاياتىي كۈچ، يېپيېڭى بەدىئىي شەكىل ۋە زور جاسارەت ئارقىلىق ئەنئەنىۋى «يازما مەدەنىيەت» بىلەن كۈچ سىناشماقتا. بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىگە ئېرىشىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

20-ئەسىر ئەدەبىياتى ئەنە شۇنداق تەۋرىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە تەرەققىي قىلماقتا. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پۈتۈن ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى پەيدا بولىدىغان تەۋرىنىش ھاسىل قىلدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب كاپىتالىزمى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەسىدە مىللىي ئازادلىقنى ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كونسايىن ئۆتكۈرلەشتى. بۇ دەۋردە رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ، كونا يازغۇچىلار داۋاملىق ئىجادىيەت بىلە شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە يېڭى يازغۇچىلارمۇ يېتىشىپ چىقتى. شۇنداقلا يەنە بىر خىل يېپيېڭى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى مودېرنىزم باش كۆتۈردى. «مودېرنىزم» ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇش قىياپىتىدە ياۋروپا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپ، ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 20-يىللار «مودېرنىزم» جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان دەۋر بولسا، «مودېرنىزم» بارا-بارا ئۆزى پەيدا بولغان زېمىندىن ھالقىپ، باشقا رايونلارغا تارقىلىپ بىر خىل خەلقئارالىق ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىلىرىنى ۋە ئەسەرلىرىنى ياراتتى. نەتىجىدە رېئالىزملىق ئەدەبىيات ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدىن چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسىيا، ئافرىقا رايونىدا ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ باشئايىغى كۆرۈنۈشكە باشلاپ، ياۋروپا ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى 20-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن «ئالتۇن دەۋر»نى باشلىدى. 20-يىللاردا «بىرىنچى دولقۇن»، «يەرلىك ئەدەبىيات» شەكىللەندى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىر قېتىملىق زور ئىقتىسادىي بوھرانغا دۇچ كېلىپ، فاشىزم كۈچلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ئىلغار ۋە ئىنقىلابىي يۈزلىنىش خاھىشىنى ئىپادىلەپ، نۇرغۇن يازغۇچىلار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئۆزلىرىنى بېغىشلاپ، «مودېرنىزم» بۇ دەۋردە كۆرۈنەرلىك توختاش ۋە سۈكۈت دەۋرىگە كىرىپ قالدى. 1939-يىلى 2-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. مەغرىپتىن مەشرىققىچە دۇنيا ئوت ئىچىدە ياندى. ئىنسانىيەت بىر-بىرىنى قىرىپ، پارلاق كۈچلەر ئۇرۇشقا تاشلاندى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات ئىشلىرى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى. بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى ئىلغار ئەدەبىيات بولۇپ نەتىجىلەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى

كۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ھەرخىل يېڭى ئېقىملىرى ۋە ئېقىملار ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقتى. «مودېرنىزم» (غەربلىكلەر كېيىنكى مودېرنىزم دەپ ئاتىغان) 50-، 60 - يىللاردا ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى ئىگىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسىدا پەيدا بولۇپ نەتىجە ياراتقان سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، «پارتلاش ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. رېئالىزملىق ئەدەبىيات بولسا 50-، 60- يىللاردا يەنە بىر قېتىم مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا باش كۆتۈرگەن سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قايتا باشقا ئېقىملار بىلەن قارشىلىشالمىدى، ئەكسىچە ئاقىلانىلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلەندى. بۇ دەۋردە سوۋېت ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ زور بۇرۇلۇش بولدى. ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، 70- يىللاردىن كېيىن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەدەبىيات ئاخىرلاشتى. يېڭىلىق يارىتىدىغان «ئىجاد قىلىش» ئاز بولدى؛ غەربتە ئەينى چاغدا بەزى تەنقىدچىلەر «مودېرنىزم» ئاخىرلاشتى دېگەنىدى. ھېنرىك قارىشىچە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، تەرەققىي قىلىشى، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشى، ئۆزگىرىش جەريانى بەزى كىشىلەرنىڭ «ئاخىرلاشتى» دېيىشى بىلەن يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مودېرنىزم دۇنيادا ھېلى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، تەرەققىي قىلماقتا، تەسىر كۆرسەتمەكتە. باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، مودېرنىزمغا ئوخشىشىدىغان ياكى ئوخشىمايدىغان بىر ھالەتنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. رېئالىزملىق ئەدەبىيات گەرچە مەيلى غەرب ياكى شەرقتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمدى ئەنئەنىۋى مەنىدىكى رېئالىزم بولماستىن، مەزمۇن ۋە شەكىلدە زور ئۆزگىرىش بولغان رېئالىزمدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدا رېئالىزمنى بىرخىل «تارىخىي ئېچىۋېتىلگەن سىستېما» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، جۇڭگو «ئىنقىلابىي ئېچىۋېتىلگەن سىستېما» دەپ چۈشەندۈردى. 80-، 70- يىللاردا «خاتىرە ئەدەبىياتى» دۇنيانى قاپلاپ، «تارىخىي ئەدەبىياتى» («يىلتىزنى ئىزلەش» ئەدەبىياتى) تېز يېتىشىپ چىقتى. بۇنى رېئالىزمنىڭ يېڭى شەكىل ئىچىدە تەرەققىي قىلىشى دېيىشكە بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە كۆپ خىل ئەدەبىيات بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەچكە، قانداقتۇر بىر خىللا ئەدەبىيات مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھادىسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق بولۇپلا قالماي ھەتتا بىر يازغۇچىنىڭمۇ قايسى ئېقىم ۋە قايسى تۈرگە تەۋە دېيىشمۇ ئىنتايىن قىيىن. ھازىر ئۇ خىل بېكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون

خاراكتېرلىك نەرسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر كۈنسايىن كۆپەيمەكتە.

## 2. 20-ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

### 1. كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى.

«ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشىنىش، ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئەدەبىياتى ۋە ئىجادىيىتىگە. شۇنداقلا، ئوخشاش بىر دەۋر-دىكى ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە قانداق باھا بېرىشنى تىزگىنلىمەكتە.

ھازىرقى دەۋر ئىلىم-پەن ئىدىيىسى، پەلسەپە ھەمدە پسىخولوگىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 20-ئەسىر ئەدەبىياتىدا كۆز قاراش جەھەتتە زور بۇرۇلۇش بولدى. گوركى ئوتتۇرىغا قويغان «ئەدەبىيات-ئادەمشۇناسلىق» تۇر. دېگەن ئەقلىيە، ئەدەبىيات ساھەسىدە «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتى تاشقى دۇنيا تۇرمۇشى ئەمەس، بەلكى ئادەم» دېگەن كۆزقاراش بىلەن تېخىمۇ بېيىدى.

ئىنساننىڭ سۇبيېكتى ئىككى تەرەپنى: تاشقى ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىچكى مەنىۋى پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئەدەبىياتقا قارىغاندا، بەدىئىي دۇنيا — پسىخىك دۇنيادۇر. ھازىرىبەدىئىي قاراش-لارنىڭ قارىشىچە: ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە باي ئىچكى ئالەمدۇر. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات تەسۋىرلەيدىغان مۇھىم ئوبيېكت بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە «رېئاللىق»نى چۈشىنىشمۇ «رېئاللىق»نى ئۆتمۈشتىكى چۈشىنىشتىن پەرقلىق بولماقتا. ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى، «رېئاللىق»نى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى، تۇرمۇش دەپلا قارىماي ئۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكتە. فرانسىيىنىڭ داڭلىق نەزەرىيىچىسى روجىس. كارۇدى «چەكسىز رېئالىزم توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا «رېئاللىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدىكى رېئاللىق، ئىنسان ياراتقان قانۇنىيەتلەر ئىچىدىكى رېئاللىق، بەلكى كېيىنكىسى مەۋجۇدىيەت رېئاللىقى ۋە فانتازىيىلىك رېئاللىق» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «ئەدەبىيات ئىنسان ياراتقان قانۇنىيەتلەر ئىچىدىكى رېئاللىقنى تەسۋىر-لىشى كېرەك»، دېگەن قاراشنى تەكىتلىدى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ داڭلىق يازغۇ-چىسى: بارجاس، چىسا «رېئاللىقنىڭ مەنىسى كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ ئوي ۋە خىياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى. دەل مۇشۇنداق ئەدەبىي قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىچكى خاھىشلىشىشى ئوتتۇرىغا چىقتى.

مۇشۇ ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ كۆز قاراش جەھەتتىكى يەنە بىر تەرەققىياتى «ئەدەبىيات ئەسلى نەرسە» نەزەرىيىسىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا 40-يىللاردا دۇنياغا كەلگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا «ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى نەرسىسى قۇرۇلما، بىر خىل كونكرېت ھالەتتىكى

uyghurkitap.com



قۇرۇلما»، دېيىلگەن. بۇنداق «ئەسلى نەرسە» نەزەرىيەسى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نەزەرىدىنى يۆتكىلىشكە يېتەكلەپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى مۇستەقىللىققە ئېرىشتۈردى، شۇ ئارقىلىق «قۇرۇلمىچىلىق»، «بەلگىشۇناسلىق»، «شەكىلچىلىك»، ئەدەبىي تەنقىد ئەندىزىلىرى بارلىققا كەلدى. ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كۆز قاراشنىڭ يېڭىلىنىشى بىر خىل ئىلغارلىق بولۇپ، ئۆزگىرىش ئاددىيلاشتۇرۇش، يۈزەلەشتۈرۈش، ئەندىزىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بايلىقىنى ئاشۇردى.

2. سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە ئىچكى خاھىشلىشىش.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىي ئوبزورچىسى: ئانا سىمتاشيۋ: «سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەنلىكى 20- ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى؛ بۇ ئەھۋال بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەرگە زور ئۆزگىرىش بولۇپ كەلدى»، دېگەنىدى. شۈبھىسىزكى ئۇ، مۇشۇ ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ گەۋدىلىك ھادىسىسىنى تۇتۇۋالغان. «مودېرنىزم» لىق ئەدەبىيات دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ مەيلى ئىستېتىكا ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، باشتىن - ئاخىر سۇبيېكتىپ ئاڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. «مودېرنىزم» يازغۇچىلىرى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە چىنلىقىنى يېزىشقا قارشى تۇرۇپ، سۇبيېكتىپ تەسىرات ۋە ئىچكى ماھىيەتنى ئىپادىلەشنى تەكىتلەيدۇ. م: «ئۆزگىرىش»، «كۆڭۈل ئاينىش»، «مۇناسىۋەتسىز كىشى»، «قارانىيەت» قاتارلىق ئەسەرلەر پېرسوناژنىڭ ئىچكى پائالىيىتى ۋە سۇبيېكتىپ تەسىراتى ئارقىلىق رېئاللىقنى يورۇتۇپ بەرگەن ئەسەرلەردۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ھازىرقى زامان سوۋېت يازغۇچىسى ئايتماتوۋنىڭ «زور كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇش» بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرى پېرسوناژنىڭ ئىچكى پائالىيىتى ئارقىلىق بىر نەچچە ئون يىللىق تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى يۆنىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەردۇر.

3. تراگېدىيە ئېڭى.

ۋىلىيام بوتلېر، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان «خىرىستىئان كەلمەكتە» دېگەن شېئىرىدا «/ ھەممە نەرسە چېچىلىپ كەتتى/»، «ئەمدى مەركەزنى تۇتۇۋالالمايسەن» دېگىنىدەك دۇنيانىڭ ھەممە يېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئېيروت: «ئىچى غال-غال ئادەم» دېگەن ئەسىردە ھەسرەتلەنگەنىدەك «بۇ دۇنيا ياكى دەھشەتلىك بىر سادا بىلەن ۋە ياكى بىر چىرقىراش بىلەن ھالاك بولىدۇ». يۇقىرىقىلار غەرب «مودېرنىزم» يازغۇچىلىرىنىڭ رېئاللىق توغرىسىدىكى پىسسىمىك، ئۈمىدسىز قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا 20 - ئەسىر ئاپەتكە تولغان ئەسىر بولدى. بۇ ئەسىردە زىددىيەتلەر ۋە مەسىلەلەر كۆپەيگەنسېرى، كونا مەسىلەلەرنىڭ ھەل قىلىنماي تۇرۇپلا يېڭى مەسىلەلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. مۇشۇنداق؛ كىرىزىس ھەممە يەرنى قاپلىغان مۇھىتتا ياشاۋاتقان، مەيلى غەرب ياكى شەرقنىڭ يازغۇچىلىرى بولسۇن ئۇلار دەۋر بەرگەن ۋىجدانىنى يوقاتمىغانلا بولسا، سېزىمىنى يوقاتمىغانلا بولسا، ئۇلار چوقۇم

بوغۇلۇش، بىئارامالىق، ئازاب ھېس قىلىدۇ ۋە ھەسرەتلىنىدۇ. بىز «مودېرنىزم» ئەدەبىياتىدىكى «يوقىتىش تۇيغۇسى»، «يېتىملىق تۇيغۇسى»، «قارا يۇمۇر» قاتارلىقلارنى ئوبدان بىلىمىز. ئەمدى بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكە نەزەر سالغاندا بۇ خىل «تراگېدىيە ئېڭى» نىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى سۆزلە-مەيلا قويايلۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ياندىرفوپ ۋ: «كىشىلىك سەھنىسى» رومانىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر تاشپاقا» سەرلەۋھىلىك كىنو سىنارىيەسى ئارقىلىق يادرو ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ، پۈتۈن دۇنيا كۆيمەكتە: ئوت، ھەممە يەردە يالقۇن... كېيىن پۈتۈن يەر شارى كۆيۈپ ساپالغا ئايلانغان. پەقەت بىر تاشپاقا ھايات قالغان. ئۇ يەككە-يىگانە، ئوكيان قىرغىقىدا ئۆمىلەپ يۈرمەكتە: ئەمما دېڭىز-ئوكياننىڭ كۆيۈپ تۈگەشكەن... دەپ يازدى. بىز ۋىليام. بوتلىر-نىڭ يازغىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر! يۇقىرىقىلار ئىنسانىيەت ۋە يەر شارىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى زور ئەندىشە بولۇپ، مۇبادا ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ۋاقىت (زامان) توختاپ قالىدۇ. بۇ توختاش بىز خىيال قىلغان ھېلىقى گۈزەل دەقىقە بولماستىن، پۈتۈن يەر شارى ۋە ھاياتلىقنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدىكى قاباھەتلىك چۈشتۇر.

شېكسپىر، ئادەملەرنى زوق-شوخ بىلەن مەدھىيلەپ: «ئادەم يەر-ئاسمان ئارىسىدا ئەڭ بۈيۈك» دېگەنىدى. ئەپسۇسكى بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزگە يېتىپ كەلگەندە، ئادەملەرنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلگەن بۇنداق تاج يوقىلىپ كەتتى. «بۈيۈك ئادەم» قوڭغۇز-قۇرتقا ئايلاندى. تۇرمۇشنىڭ خوجايىنى ماددىي بويۇمنىڭ قۇلىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈن-لەشمەكتە؛ ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى بۇ خىل ھالەت ئالدىدا ياكى بۇ خىل نەپرەتلىك كىشىلىك مۇھىتنى شەپقەتسىز پاش قىلالماقتا ياكى يوقى-لىپ كېتىۋاتقان ئىنسان تەبىئىتىنى ئاقىلانە تەھلىل قىلالماقتا. شۇنداق، ئۇلار ئىنسان روھىنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرالماقتا.

4. ئەقلىيلىق.

ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەسەرلەر. ئەزەلدىن رېئال شەيئىلەرنى كونك-رېت تەسۋىرلەپ، جانلىق، مۇكەممەل ھېكايەچانلىق ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق غەلىبە قىلىۋاتىدى. بىزنىڭ ئىرادىمىزغا كەل-گەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئەق-لىيلەشتۈرۈش، تۈرلەشتۈرۈشكە تەرەققىي قىلماقتا. ھازىرقى زامان سەنئىتى دۇنيا ۋە ئادەمنىڭ پائالىيىتى، كۆرۈشكە-سېزىشكە بولىدىغان شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشكە قىزىقىپلا قالماي، كونكرېت ھالەتتى بولمىغان، ئوڭايلا بايقى-غىلى بولمايدىغان، مۇھىم قانۇنىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنماقتا. ئۆتمۈشتىكى ئۇ خىل نۇقۇل تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات ھازىر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئەقلىي ئويلىنىش يازغۇچىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

بۇ خاھىش 1 - يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئەخلاق جەھەتلىرىدە زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش؛ 2. ھازىرقى سەنئەتكارلار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا، پاش قىلىش ۋە ئىشۋازلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كۆپىنچە پەلسەپىۋى ئىزدىنىپ، ئابستراكىت ئومۇمىي پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن كونكرېت بەدىئىي تەسۋىرلەشنى بىرلەشتۈرۈپ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش؛ 3. ئەقلىيلىق ۋە قىياس قىلىشقا ئېتىبار بەرگەنلىكتىن ئوبرازچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئابستراكتلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى ئەندىزىلەشتۈرۈش، خىللاشتۇرۇش جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

5. بەدىئىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ھەمدە كۆپ خىللاشتۇرۇش.

20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات ساھەسىدە بەدىئىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئاستا بولغانىدى. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن «مودېرنىزم» يازغۇچىلىرى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، يۈرەكلىك يېڭىلاپ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتقا خىرىس قىلدى. ئۇلار قىممەت قارىشى جەھەتتە ئاۋۋالقى قىممەت سىستېمىسىنى چەتكە قېقىپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى يۇنان ۋە رىم سەنئىتى ئاساس سالغان سەنئەت ئەنئەنىسى ۋە ئىستېتىزملىق تەجرىبىلەرنىمۇ تەۋرىتىۋەتتى. ئۇلار سەنئەت زېمىنىدە كۆپ جەھەتتىن سىناق ئېلىپ باردى. ئىزلەندى، يېڭىلىدى، مەغلۇب بولسىمۇ ھامان نەتىجە ياراتتى. شۇڭا بۇ خىل كاتاكدا يېتىۋالماي يېڭى يول ئاچىدىغان روھنى شۈبھىسىزكى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

رېئاللىققا تەقلىد قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىپادىلەشنى تەكىتلەش «مودېرنىزم»لىق ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك قارىشىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئىككىسىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ، مەزمۇن دېمەك شەكىل؛ شەكىل دېمەك مەزمۇن دەپ قارايدۇ. شېئىر، رومان، تىياتىر قاتارلىق ۋاسىتىلەردە ئوخشىمىغان مۇرەككەپ بەدىئىي شەكىللەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بۇ خىل قاراشنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەسىلەن بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىياتقا تەپسىلاتلارنىڭ ئاجىزلىقى، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك قۇرۇلما، تەپسىلات ۋە سىيۇژېتلارنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشى، بىردەكمە شەكىل ۋە كورت قەغىزى شەكىللىك قۇرۇلما، شېئىردىكى «بوشلۇق»، نەسىرلەشتۈرۈش، تىياتىردىكى دېكوراتسىيىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، خاراكتېرلەشتۈرۈش، سەھنە ئاستى ۋە ئۈستىدىكى ئالماشتۇرۇش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش؛ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە، مۇشۇ ئىرا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى «ئاڭ ئېقىمى» مېتودى، ئەركىن تەسەۋۋۇر، ئەپسانىچىلىك، ئىلمىي فانتازىيە، غەيرىيچىلىك قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل بەدىئىي تەسۋىرلەش

ئۇسۇلى ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ كۆپ خىللاشقان ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنى ياراتتى.

**6. ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش.**

باشتا ئېيتقاندەك كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل خاھىشمۇ مەۋجۇت: ئۇ بولسىمۇ ئوخشاشمىغان ئەدەبىي ئېقىملار، ئوخشاشمىغان ئەدەبىي شەكىللەر ۋە ئوخشاشمىغان بەدىئىي مېتودلارنىڭ بىرلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشتۇر. مودېرنىزم ۋە رېئالىزم ۋە رومانتىزم، رومانتىزم بىلەن مودېرنىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئۆزئارا قارىمۇ قارشىلىقتىن، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆزئارا سىڭدۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئادەتتىكى ئەدەبىيات بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات مۇناسىۋىتىدىكى سىزىق بىلەن ئۆتتەك سىغىشمايدىغان، چەك - چېگرا تۈگەشمەكتە. شېئىر بىلەن نەسىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ياكى شېئىرغا ياكى نەسىرگە تەۋەلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئادەتتە ئاساسلانغاندا پوستانى رېئالىست يازغۇچى، پوكىزنى رومانتىك يازغۇچى دېيىلەتتى. ئەمدى بۇنداق ئايرىش ئىنتايىن قىيىن بولماقتا. ئالايلۇق: ئايتماتوۋنى رېئالىست يازغۇچى، رومانتىك يازغۇچى ياكى ئەپسانىۋىلاشتۇرۇپ يازىدىغان يازغۇچى دېيىش كېرەكمۇ؟ ئېھتىمال بىر نېمە دېيىش قىيىن بولار. بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ روشەن خاھىشى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە نەزەرىيىچىلەر بۇ ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە، قوللىماقتا. ھەتتا پرولېتارىيات دراماتورگى پىشت. ۋرتولىدەمۇ ئەينى چاغدا «بىردىنبىر توغرا ئۇسۇل بويىچە يېزىش ئۇسۇلىدىن» ئىنتايىن نارازى بولۇپ يېزىش ئۇسۇلىنىڭ «داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇشى» نى «ئوخشاش بىر ئەسەردىمۇ بىر نەچچە خىل يېزىش مېتودى» قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

**3. 20 - ئەسىر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى قاراشىمىز.**

ئاز بولمىغان كىشىلەر 20 - ئەسىر ئەدەبىياتىنى 19 - ئەسىر ئەدەبىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاۋۋالقىسى كېيىنكىسىگە يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى مارنوپ: 20 - ئەسىر ئەدەبىياتى ئۇمۇم ئېتىراپ قىلىدىغان ئازدۇر - كۆپتۇر تىپىك ئوبراز ياراتالمىدى؛ كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى يارىتالمىدى» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. دەرۋەقە بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ ئاساسلانغىنى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ئۆلچىمى بەلكى ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئۆلچىمىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكىگە باھا بېرىشتە ھامان تەرەپ ۋە ئۆلچەم بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تەرەپ ۋە ئۆلچەمدىن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. شېكسپىرنى ئالايلۇق، 300 يىلدىن بېرى شېكسپىرغا قانچىلىغان يۇقىرى - تۆۋەن باھا بېرىلمىگەن!؟

ئۇنىڭدىن باشقا، 20 - ئەسىر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ

نەتىجىسى مەيلى سىستېما، ئىلمىيلىك جەھەتلىرىدە، بولسۇن 19 - ئەسىرنىڭ نەزەرىيىسى ۋە تەنقىدچىلىكىدىن ئىنتايىن زور بولدى. بۇندىن سەل بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى لىن. ۋېللېك «20 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتى قامۇسى» غا يازغان ئەدەبىي تەنقىد مەخسۇس بېتىدە «كىشىلەر 18-، 19 - ئەسىرنى تەنقىد دەۋرى دەپ ئاتىدى. مېنىڭ قارىشىمچە پەقەت 20 - ئەسىرلا مۇنداق ئاتاشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. بىز سان جەھەتتىن خېلى كۆپ مىقداردىكى تەنقىد مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالمىدۇق. بەلكى ئەدەبىي تەنقىد مەلۇم يېڭى ئاڭغا ئىگە بولۇپ، بۇرۇنقىدىن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشتى؛ بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدە يېڭى مېتود ۋە يېڭى باھالاش ئۆلچىمىگە ئېرىشتى»، دەپ يازغان. بۇ خۇلاسە 20 - ئەسىر ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 1914 - يىلى رۇسىيىلىك ياش ئالىم شىكلوۋىسكى «تىلنىڭ تىرىلىشى»، دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر 20 - ئەسىر يېڭى ئەدەبىي قاراش تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ ھەم «رۇسىيە شەكىلچىلىك» تەنقىد ئېقىمىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن «چېخسلوۋاكىيە قۇرۇلمىچىلىقى»، «فرانسىيە قۇرۇلمىچىلىق» تەنقىد ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇ ئىرا ئەدەبىياتىدا ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ، غەربنىڭ تەنقىد بازىسىنى ئىگىلەپ، دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. يېقىنقى 20 - يىلدىن بۇيان «قۇرۇلمىچىلىق» تىن تۆرەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن «تارماق ئېقىم» («كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق») كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا «يېڭى تەنقىدچىلىك»، «ھادىسە تەنقىدچىلىكى»، «مەۋجۇتچىلىق ئېستېتىكىسى»، «پسىخىك ئانالىز تەنقىدچىلىكى»، «ئەسلى تىپ تەنقىدچىلىكى»، «قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى»، «سوسىئولوگىيىلىك تەنقىد»، «ئىنسانپەرۋەرلىك ئەخلاق تەنقىدچىلىكى»، «ئەنئەنىۋى ئەسلى نەرسە تەنقىدچىلىكى» قاتارلىقلار، ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەنە «سىستېما تەنقىدچىلىكى»، «ئۇچۇر تەنقىدچىلىكى»، «ماتېماتىكىلىق تەنقىد» مېتودلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. دەۋرىمىز ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسىنىڭ نەتىجىسى رەڭدارلىق جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇچراپ ئىلمىيلىككە قاراپ قەدەم قويدى. 20 - ئەسىر ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسى بۇرۇنقىدەك بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئېغىر ھالدا بېقىندا بولىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى تونۇش ئېڭى يارىتىپ مۇستەقىل پەنگە ئايلاندى.

20 - ئەسىر ئاز كۈندە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تارىخىي باھا بېرىشنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى — ئەتىكى كىتابخانلار بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنى قانداق مۇھاكىمە قىلار... دېگەن مەسىلىدۇر.

سىدىقھاجى روزى تەرجىمىسى

(«چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلى 11 - سانىدىن ئېلىندى)

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ ئۆزبېكىستان «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1990-يىللىق 28-دېكابىر سانىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «تەڭرىتاغ قوشاقلىرى» سەرلەۋھىسى بىلەن «سالام ۋە ئۈمىد»، «يايلاق»، «قارىغاينىڭ خىسلىتى» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرى ۋە تۆمۈر داۋامەت توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.

△ ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سۈرىيىنىڭ دەمەشىق داشۆسىدە ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرى 1988-يىلى «ئىككىنچى يىقىلىش» نامى بىلەن نەشىر قىلىندى، 1989-يىلى «تويلار سىرى» نامى بىلەن يەنە شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىنغان.

شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ كىتابلىرىغا ئەرەب ئوبزورچىلىرى «بۇ توپلام ھازىرقى زامان ئەرەب شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ياخشى ئەسەر» دەپ باھا بەرگەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئەخمەتجاننىڭ «تويلار سىرى» ناملىق كىتابى يېقىندا يەنە قايتا نەشىر قىلىنغان.

△ ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «ياشلىق» ژۇرنىلىنىڭ 90-يىللىق 4-سانىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شائىرلاردىن بوغدا ئابدۇللا، ئەخمەتجان ئوسمان، پەرھات ئىلياس، مۇختەر مەخمۇت قاتارلىقلارنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلارنى سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىمىن ئوسمان ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» يېقىندا، «سوۋېتسكىي پىساتېل» نەشرىياتىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمى تەرىپىدىن «شائىر كىتابخانىسى» سېرىيىسى ئاستىدا ئون مىڭ نۇسخىدا رۇس تىلىدا نەشىر قىلىندى.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىزى

△ 1990-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى ئەنگلىيىنىڭ 54 ياشلىق ئايال يازغۇچىسى ئا. س بايۋىت «مەككار» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئەنگلىيە بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتى — بوك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ئەسەر يەنە ئېرلاندىيە ئال. لىنگەيس خەلقئارا ھېكايە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى مۇكاپاتنىڭ جەمئىي سوممىسى سەكسەن ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

## ياپونىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا «مىشىما يوكىيو (سەنداۋ يوجىفۇ) قىزغىنلىقى» قايتا قوزغالدى

مىشىما يوكىيو ياپونىيىنىڭ چوەندەن كاڭچىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان مەشھۇر يازغۇچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىدىيىسى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ ھەقتە

# قوبۇل قىلىش

(ماقالە)

ئابدۇۋەلى ئابدۇقېيۇم

مىڭئۆينىڭ بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ھىندىستاندىمۇ مىڭئۆي بار ئىكەن. بىراق بىزنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس. ھىندىستاندىن كۆچۈپ كىرگەن مىڭئۆيلەرگە بۇ زېمىننىڭ كىلىماتى ياققان بولسا كېرەك، ھازىرغا كەلگەندە كۆپىيىپ يەتتە يۈزگە يېتىپ قاپتۇ.

«يۇسۇپ - زۇلەيخا» نى ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر، ئۆزبېك بولۇپ بىر يۈز ئون يەتتە نەپەر ئەدىب يېزىپ باققانىكەن. «خىسراۋ - شىرىن» ئەۋلادى «پەرھاد - شىرىن» مۇ نىمشىتقىچە داۋاملاشتى.

مېنىڭ يۇقىرىقىلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشۈم، بىزنىڭ بېكىنمىۋالمىغانلىقىمىزنى، بەلكى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئىكەنلىكىنى پۈرىتىپ، ئۆزىمىزنى ئاقلاش ئۈچۈندۇر. يەنە ئازراق ئەسلەپ ئۆتەيلى:

بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. كونا باھار نەچچە رەت يېڭىدىن كەلگەندىن كېيىن، ئۆيدىن ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بوۋاي بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ كىشى ئەلشىر ناۋائىي ئىكەن. قولىدىكى «خەمسە» مىش. بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا تاراپ يۈرگەن بىر رىۋايەت.

ئەلۋەتتە «خەمسە» يېزىشتىمۇ بىز باشقىلاردىن ئىلھاملانغان.

ھازىر يەنە قوبۇل قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. بىز ئەندىكىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ھەم بىزگە ئەنئەنىمۇ بولۇپ قالدى. شۇڭا قوبۇل قىلىشتىكى ئاكتىپلىق يەنىلا بىزنىڭ ئالقىنىمىزدا.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن «بوۋاي ۋە دېڭىز» «يۈز يىل غېرىبلىق» لار بىزدە پەيدا بولىدۇ ۋە كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلار مۇھىتقا ماسلىشىپ بەزى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ياسايدۇ. سېرىق چاچلىرىنى قارىغا بوياشقا ئوخشاش.

---

دۇنيادا ھازىرغىچە مۇنازىرە، تالاش - تارتىشلار بولۇپ تۇرماقتا. ئۇ ئۆلۈپ يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يەنە يېڭىدىن «مىشىمايوكيو قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن نەشرىياتلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ قايتا نەشىر قىلماقتا. نۇرغۇن چوڭ كىتابخانىلاردا مەخسۇس مىشىما يۇكيو ئەسەرلىرى پەشتاختىسى بارلىققا كەلدى. فرانسىيىدە ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدە تارقىتىلغان ئەسەرلىرى توققۇز مىليون نۇسخىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «باھاردىكى قار» نىڭ ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخىسى ئىتالىيىدە 40 مىڭ نۇسخا نەشىر قىلىندى. ھەرقايسى مەشھۇر تىياتىرخانىلاردا ئۇنىڭ درامىلىرى ئوينالدى.














ئەلھام جەلان فوتوسى




《天尔塔格》 文学双月刊

1991年第3期

« تەڭرىتاغ » قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

( 1991 ـ يىل 3 ـ سان )

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号

电　　话：218897邮政编码：830002

印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂

国内统一刊号CN65－1012/1

邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 ـ 83

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن